# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى

قومۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش مەخسۇس گۇرۇپپىسى تۈزدى

قومۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى
تىل-يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسى نەشىر قىلدۇردى

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى
—K—

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەلىكە مۇھەممەد
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر پەيزۇللا

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شىۋىسى

*　*　*

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) نەشىر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن كوچىسى №4 پوچتا نومۇرى 830001)
«بوغدا» كومپيۇتېر مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەڭگوڭتىڭ ھۆججەت
بېسىش مەركىزى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتر 1/32 باسما تاۋىقى: 7.75 قىستۇرما ۋارىقى: 3
1997-يىل 8-ئاي 1-نەشرى
1997-يىل 8-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 1—4000
ISBN7—5372—1329—1/H • 12
باھاسى: 15.00 يۈەن



قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەھكىمە ۋالىسى ئابدۇراخمان كىرىم، مۇئاۋىن ۋالى
توختىخان ئىسمايىل ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپى تۇردى ئابلا قۇمۇل شىۋىسى
ماتېرىياللىرىنى كۆرۈش ئۈستىدە.



تەتقىقاتچى مىر سۇلتان ئوسمانوۋ تاۋۇش بەرگۈچى پاتەمخان بىلەن تەكشۈرۈش
ئۈستىدە( كۆرسەتمە)



قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش خادىملىرى تۆمۈرتىدە



قۇمۇل شېۋىسى توغرىسىدا پىكىر ئېلىش يىغىنىغا قاتناشقان قۇمۇل زىيالىيلىرى

# بېغىشلىما

قۇمۇل شېۋىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا يۈز يىلدىن بېرى نۇرغۇن ئالىملار دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىر شېۋە. بۇ شېۋە ھەققىدە چەت ئەللەردە ۋە مەملىكىتىمىزدە بىرمۇنچە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ شېۋىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ يورۇتۇپ بېرىش ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتولوگىيىسى تەتقىقاتى ساھەسىدە بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان مۇھىم بىر ئىلمىي ۋەزىپە ئىدى. بۈگۈن بۇ ۋەزىپىنى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى تەتقىقاتىدا مول ئىلمىي تەجرىبىگە ئىگە پروفېسسور مىرسۇلتان ئوسمانوف يېتەكچىلىكىدىكى ئىلمىي كوللېكتىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، مۇشۇ قىممەتلىك ئەسەرنى يېزىپ چىقىپتۇ. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى تەتقىقاتىدىكى بىر زور ئۇتۇقىمىز.

بۇ ئەسەرنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى بىلەن بىزنىڭ بۇ ساھەدىكى مۇھىم بىر بوشلۇقىمىز تولدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى يەنە بىر قېتىم قەددىنى كۆتۈردى.

مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنى، ئەمەلىي خىزمەتلەرگە قاتناشقان قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر، تىل-يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسىدىكى بارلىق يولداشلارنى، قەدىرلىك شاگىرتىم، كەسىپدىشىم مىرسۇلتان ئوسمانوفنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ئىبراھىم مۇتىئى

1996-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى

## قۇمۇل شېئىرلىرى تەكشۈرۈش مەخسۇس
## گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئىسىملىكى

باش يېتەكچى: ئابدۇراخمان كېرەم (قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي
مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى)
مۇئاۋىن يېتەكچى: توختىخان ئىسمايىل (قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي
مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى)
مەسئۇل يېتەكچى: تۇردى ئابلا (قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي
مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى)
كەسپىي يېتەكچى: مىرسۇلتان ئوسمانوف (ئاپتونوم رايونلۇق
مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ
كادىرى، پروفېسسور)
گۇرۇپپا ئەزالىرى:
ئېلى ئىسمايىل (قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى،
تىل-يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى،
كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
سائادەت كىچىك (قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى،
تىل-يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى، مۇھەررىر)
سەمەت ئەسرا (قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى،
تىل-يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ كادىرى،
مۇھەررىر)
ئايگۈل مەمەت (قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى،
تىل-يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ كادىرى،
مۇھەررىر)
يۇنۇس سادىق (قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار
باشقارمىسىنىڭ كادىرى)

# مۇندەرىجە


I كىرىش سۆز ........................................ (1)

1. قۇمۇل شېۋسنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى ........................................ (1)

2. تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى ۋە تاۋۇش بەرگۈچىلەرنىڭ تاللىنىشى ........................................ (11)

II فونېتىكا ........................................ (20)

1. قۇمۇل شېۋسىنىڭ فونېمىلىرى توغرىسىدا ............... (20)

2. قۇمۇل شېۋسىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر .......... (21)

A سوزۇق تاۋۇشلاردا ........................................ (21)

① سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ............ (21)

② سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىشىشى ......... (28)

③ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ......... (29)

④ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ............ (29)

B ئۈزۈك تاۋۇشلاردا ........................................ (31)

① ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ............ (31)

② ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ......... (33)

③ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ............ (49)

④ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى .... (58)

⑤ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى ......... (59)

⑥ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى ...... (60)

C ئاھاڭداشلىق ........................................ (61)

① سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ............ (61)

② سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ........ (63)

III **قۇمۇل شېۋىسىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى** ........ (64)

1. ئىسىملاردا كېلىش قوشۇمچىلىرى ........ (64)
2. ئىسىملاردا تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ........ (66)
3. سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ........ (66)
4. ئالماشلاردىكى ئالاھىدىلىكلەر ........ (67)
5. پېئىل ئۆزەكلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ........ (70)
6. پېئىل رايلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ........ (75)
7. پېئىل دەرىجىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ........ (79)
8. رەۋىشداشلاردىكى ئالاھىدىلىكلەر ........ (81)
9. ياردەمچى سۆزلەردىكى ئالاھىدىلىكلەر ........ (83)
10. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىكى ئالاھىدىلىكلەر ........ (87)

IV **قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۈلگىلەر** ........ (89)

V قۇمۇل شېۋىسىگە خاس شېۋە سۆزلىرى ........ (125)

VI قوشۇمچە ........ (234)

1. قۇمۇل شېۋىسىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇر تىلىغا خاس كىشى ئىسىملىرىدىن ئۈلگىلەر ........ (234)
2. كىتابتا قوللىنىلغان خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدا قوللىنىلىۋاتقان ھەرپلەر بىلەن سېلىشتۇرمىسى ........ (238)
3. تاۋۇش بەرگۈچىلەرنىڭ تىزىملىكى ........ (240)
4. قىسقارتمىلار ........ (241)

# I كىرىش سۆز

## 1. قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى

قۇمۇل شېۋىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىدىن مەركىزىي دىئالېكت دائىرىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر شېۋە ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا بىر قىسىم رۇس ۋە ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھالدا بۇ شېۋە بىلەن ئۇچراشقان ۋە بۇ توغرىدا بىر قىسىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. بۇلاردىن ئەينى دەۋردىكى قازان داشۆسىنىڭ پروفېسسورى، رۇسىيىلىك ئالىم ن. ف. كاتانوف، ۋېنگرىيىلىك ئالىم ۋامبېرى، گېرمانىيىلىك ئالىم ئا. لېكوك، روسىيىلىك تۈركولوگ س. يې. مالوفلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

قۇمۇل شېۋىسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتتا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى س. يې. مالوفنىڭ قۇمۇل شېۋىسى توغرىسىدىكى ئەمگەكلىرى بولۇپ، بۇ ئالىم 1914-يىلى قۇمۇلنىڭ قوراي، خوتۇنتام، شوپۇل، ئايار (ئاقيەر)، تاشار، قارمۇقچى قاتارلىق جايلىرىدا مەخسۇس تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ قۇمۇل شېۋىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى 1954-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ

قۇمۇل دىئالېكتى» دېگەن نام ئاستىدا مەخسۇس كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابتا ئەينى دەۋردىكى قۇمۇل خەلقى ئاغزىدىن خاتىرىلىنىۋېلىنغان تۈرلۈك ژانىرلاردىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — قوشاق، بېيىت، چۆچەك، تېپىشماق، بىر قىسىم جۈملىلەر ترانسكرىپسىيىسى ۋە رۇسچە تەرجىمىسى بىلەن بېرىلگەن، كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىۋاتقان 3000 غا يېقىن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى رۇسچە تەرجىمىسى بىلەن بېرىلگەن.

بىز بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن س. يې. مالوفنىڭ قۇمۇل شېۋىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى توغرۇلۇق بىر ئاز توختىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

س. يې. مالوفنىڭ ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلىرى تەتقىقاتىدا سىڭدۈرگەن ئەمگەكلىرى بۇ ئالىمنى ئومۇمەن ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بىر پېشىۋاسى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. س. يې. مالوف ھەقىقەتەن ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكتلىرى ئۈستىدە مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ قۇمۇل شېۋىسىدىن باشقا قەشقەر شېۋىسى، لوپنۇر دىئالېكتى، خوتەن دىئالېكتى، سېرىق ئۇيغۇر تىلىغا بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسەر ۋە ماقالىلىرى بار. ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن باشلانغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئومۇمەن ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان ۋە چوڭقۇرلاشقان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا بولسۇن، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا بولسۇن، س. يې. مالوفنىڭ نامى دائىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

س. يې. مالوف قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرگەن ۋاقىتلار

هازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ شەكىللىنىشىۋاتقان بىر دەۋرلىرى بولغاچقا، ئۇ چاغدا قۇمۇل شېۋىسىنى بىر ئومۇمىي مىللىي جانلىق تىل — هازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي جانلىق تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، س. يې. مالوف ئۇنى ئومۇمەن بىر ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتى ‹ наречие › سۈپىتىدىلا تەكشۈرگەن. مۇشۇنداق بولغاچقا، بۇ ئەسەردە قۇمۇل شېۋىسىنىڭ شۇ دەۋردە يەنى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشقا رايونلاردا قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرى بىلەن فونېتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق جەھەتتىن ئوخشاش قوللىنىلىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىمۇ كۆرسىتىلگەن.

بۇ ھەقتە س. يې. مالوف مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بوش يەرلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرغىلى بولسا، ئۇ ھالدا بەلكىم بۇ يەردە ‹ наречие ›[س. يې. مالوف بۇ سۆزنى (دىئالېكت) مەنىسىدە ئىشلەتكەندەك كۆرۈنىدۇ] توغرىسىدا گەپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ‹ говор — شېۋە › توغرىسىدا سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى، ... لېكىن ھازىر ھەرقايسى يۇرتلار ئارىسىدىكى كەڭرى كەتكەن چۆللۈكلەر ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلۈكسىز بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈۋەتكەن بولۇپ، بۇ ھەرقايسى بۆلەكلەر بىز ئۈچۈن بىر ‹ наречие — دىئالېكت › بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، كىرىش قىسمى).

س. يې. مالوف ئۆز دەۋرىدە قۇمۇل شېۋىسىنى «شالغۇت تىل» دەيدىغان قاراشقا قەتئىي قوشۇلمىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ئادەتلىرىگە قاراپلا قۇمۇللۇقلار توغرىسىدا ئۇلارنىڭ تىلى ‹ئەرجالاڭ — شالغۇت› دېيىشتى. بىراق، مەن ھەرگىز

مۇنداق قارىمايمەن، ناھايىتى ئېنىقكى، قۇمۇل ۋاكلىقىنىڭ ئوردىسىدىكى خەنزۇچە ئادەتلەر ياكى خەنزۇچە سۆزلەر توغرىسىدا شۇنداق دېيىلگەن. كېيىنچە قۇمۇل ۋاكلىقىدىكى مۇنداق ئادەت ياكى خەنزۇچە سۆزلەر ئىشلىتىلمەيدىغان بولغان» (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، كىرىش قىسمى).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، س. يې. مالوف قۇمۇل شېۋىسىدە ۋاكلىق تۈزۈم تۈپەيلىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم خەنزۇچە، مانجۇچە، موڭغۇلچە سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشىنىڭ ئۇنىڭ «شالغۇت تىل» دېيىلىشىگە سەۋەب بولالمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن.

ئورنى كەلگەندە يەنە شۇنى دەپ ئۆتەيلى، قۇمۇل شېۋىسىدىكى خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەرنى يالغۇز ۋاكلىق تۈزۈم بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. سۈبىخەي ئەپەندى «قۇمۇل ۋە تۇرپان ئۇيغۇر ۋاكلىرىنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تېخى ئىسلامغا ئىشەنمىگەن بىر قىسىم قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ گەنسۇنىڭ سۇجۇ (ھازىرقى جۇچۇەن) ئەتراپلىرىغا داۋاملىق كۆچۈپ تۇرغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدۇ (قاراڭ: مەزكۇر ئەسەر، 98-بەت، 1993-يىل، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، خەنزۇچە). قۇمۇلدا ھازىر « sykʧi » دەپ ئاتىلىدىغان جەمەت لەقىمى ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئۆزلىشىپ قالغان لەقىمى. شۇڭا، س. يې. مالوف « sykʧi » سۆزىنى مۇشۇ «سۇجۇ» سۆزىدىن كەلگەن، دەپ كۆرسىتىدۇ (قاراڭ: س. يې. مالوف مەزكۇر ئەسەر، 180-بەت). شۇنداق ئىكەن، قۇمۇل شېۋىسىدىكى misi — كۆل رەڭ، dzigoza — كەنجە، xɛntɛj — ئەرلەر كۆڭلىكى، dzagɛn — جاۋاڭ قاتارلىق خەنزۇچە سۆزلەرنى خېلى بۇرۇنلا قۇمۇل شېۋىسىگە ئۆزلەشكەن دېيىشكە بولىدۇ.

دوڭ ۋېنيى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى قۇمۇل شېۋىسىنىڭ

تارىخىي ئورنى» دېگەن ماقالىسىدە (قاراڭ: «ئىلى سىفەن شۆيۈەن ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988-يىل، 1-سان، خەنزۇچە) بۇ خىل سۆزلەر توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ ھازىرقى لەنجۇنىڭ جەنۇبىدىكى مىنشەن (岷县)، داڭچاڭ (宕昌)، گەنيۇ (甘谷) ناھىيىلىرىنىڭ شېۋىسىگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، قۇمۇل شېۋىسىگە خەنزۇ تىلىنىڭ غەربىي شىمال دىئالېكتىدىن، شۇنىڭدەك مانجۇ ۋە موڭغۇل تىللىرىدىن مۇنداق بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدا مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر بار. مۇنداق سۆزلەر ئۇزاق تارىخىي جەرياندا قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالاقە ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپلا كەلمەي، بەلكى ھازىرقى دەۋردىمۇ يەنىلا ئالاقە ئېھتىياجىدا مۇستەقىل ھالدا ياكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر بىلەن پاراللېل ھالدا قوللىنىلىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا ئىشلىتىلىش قېتىم سانى كۆپ بولغان سۆزلەر قاتارىغا كىرىپ كەتكەن. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ھېچقانداق بىر ساپ تىل ياكى دىئالېكتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، بىر تىل لېكسىكىسىنىڭ (جۈملىدىن شۇ تىل لېكسىكىسىغا قوبۇل قىلىنغان چەت تىل سۆزلىرىنىڭمۇ) شۇ تىلدا پەقەت قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ شۇ تىل گىرامماتىكىسىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتساق، س. يې. مالوفنىڭ بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىرچە بۇرۇن بۇ ھەقتە نەقەدەر توغرا قاراشتا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

شۇنداقتىمۇ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن س. يې. مالوفنىڭ بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئورۇنسىز بولماس. س. يې. مالوف ئۆزىمۇ ئۆز ئەمگىكىدىكى يېتەرسىزلىكلەر — تەرجىمىدىكى خاتالىقلار، تېكىستلەرنى چۈشىنىش. . . قاتارلىق جەھەتلەردىكى

يېتەرسىزلىكلىرىنى ئۆزىدىن كېيىنكى تۈركولوگلارنىڭ يورۇتۇپ بېرىشىنى، خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ، تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىپ كېلىپ شۇنداق دەيدۇ: «مەن ھازىر تۈركولوگلار ئىچىدە قۇمۇللۇقلارغا (قۇمۇل شېۋىسىگە) قىزىقىۋاتقان ئالىملاردىن ناھايىتى خۇشالمەن، . . . كەلگۈسىدە قۇمۇللۇقلار سوۋېت ئالىمىنىڭ ئۆز تىلى توغرۇلۇق يازغان نەرسىلىرىگە دىققەت - ئېتىبارىنى بەرمەي، قىزىقماي قالمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى جەزمەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ» (قاراڭ: س. يې. مالوف، يۇقىرىقى ئەسەر، كىرىش قىسمى).

ھەقىقەتەن س. يې. مالوفنىڭ «قۇمۇل دىئالېكتى» نەشر قىلىنىپ 40 يىل ئۆتكەن بىر ۋاقىتتا بۇ شېۋىنىڭ ھەقدارلىرى بۇ ئالىمنىڭ ئەمگەكلىرىگە قىزىقتى. ئۇنىڭغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇنى ئۆز تىل ئەمەلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ئالىمنىڭ مۇندىن 80 يىل بۇرۇن جاپا - مۇشەققەت بىلەن يىغقان ماتېرىياللىرىغا يۇقىرى باھا بېرىش بىلەن ئۇنىڭ قۇمۇل شېۋىسىدىكى سۆزلەرگە بەرگەن ترانسكرىپسىيىسىدە، سۆزلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇشتىكى ئۇسۇلىدا، شۇنىڭدەك قۇمۇل شېۋىسىگە خاس بەزى تىل تەركىبلىرىنى تەھلىل قىلىشىدا بەزى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى سەزدى. مەسىلەن: بۇ ئەسەردە «نەغمە» سۆزى «наɣма // нäгмä» شەكلىدە ئىككى خىل (قاراڭ: س. يې. مالوف، يۇقىرىقى ئەسەر، 170-بەت)، «ئوغۇرلا-» پېئىلى «-оɣулла-//оɣурла» شەكلىدە ئىككى خىل (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 171-بەت)، «ئۆچۈر -» پېئىلى «- öчÿр - // учур - // ÿчÿр» شەكلىدە ئۈچ خىل (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 173-، 189-، 190-بەتلەر)، «ئۆچكە» سۆزى «öщке//öщкö // ÿщкä» شەكلىدە ئۈچ خىل (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 173-، 190-بەتلەر)،

«پادىچى» سۆزى، «падачі // пäдші» شەكلىدە ئىككى خىل (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 173-، 194-بەتلەر)، «دىۋانە» سۆزى «дігäна // дігане» شەكلىدە ئىككى خىل (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 147-بەت) خاتىرىلەنگەن.

ھەتتا بىر تاۋۇش بەرگۈچىنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىلەنگەن ھېكايە، چۆچەكلەردىمۇ مۇنداق ئىككى خىللىقنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، قارمۇقچىدىن خاتىرىلەنگەن «ساياھەتچى ھايۋانلار» ناملىق ھېكايىدە «كىرپە» سۆزى «кöрпä // керпä» شەكلىدە ئىككى خىل خاتىرىلەنگەن (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 95-بەت).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ مىساللاردا بىر بولسا سۆزلەرنىڭ سوزۇق تاۋۇشلىرى، بىر بولسا ئۈزۈك تاۋۇشلىرى قۇمۇل شېۋىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان.

توغرا، ھازىرمۇ ئىككى خىل ۋارىيانتتا ئىپتىلىدىغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن، abdā(n) ياكى amdā(n)، batʃora ياكى matʃora، bøtʃølø ياكى møtʃølø، ʥajla- ياكى ʥajda-، pyrlɛ- ياكى pyrdɛ-، bowo(n) ياكى boɓo(n)، bɛrwap ياكى bɛrbap، ɛgɛl ياكى agal، xirmā(n) ياكى xarmā(n)، ʥaŋɓa ajɓir ياكى ʥɛŋgɛ ajɓir، budʥuɓur ياكى bydʥygyr، toŋŋuz ياكى toŋuz قاتارلىق سۆزلەر بىر تاۋۇش بەرگۈچىنىڭ تەلەپپۇزىدا بولسۇن ياكى ئىككى كىشىنىڭ تەلەپپۇزىدا بولسۇن، بەزىدە ئىككى خىل ئىپتىلىپ قالىدۇ. لېكىن، دىققەت قىلىنسا، مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئىككى خىل ئىپتىلىشى ھەرگىز قالايمىقان بىر ھادىسە بولماستىن، مەلۇم بىر قائىدىگە ئاساسلانغان، يەنى بۇ سۆزلەر m/b نۆۋەتلىشىشى، l/d نۆۋەتلىشىشى، ɓ/ w نۆۋەتلىشىشى، b/w نۆۋەتلىشىشى، i/a نۆۋەتلىشىشى، سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشى، ɓ/ŋ، g ئاسسىمىلياتسىيىسى قاتارلىق قۇمۇل شېۋىسىدە

كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولىدىغان بىرقاتار فونېتىكىلىق قائىدىلەرگە ئاساسلانغان.

شۇنىڭدەك، س. يې. مالوف ئەينى دەۋردىمۇ قۇمۇل شېۋىسىدە ئىككى فونېما ھېسابلىنىدىغان «ھ [h] » تاۋۇشى بىلەن «خ [x]» تاۋۇشىنى تېكىستلەردە بەزەن ئايرىغان، بەزەن پەرقلەندۈرمىگەن؛ ئەسەرنىڭ لېكسىكا قىسمىدا بولسا پەرقلەندۈرمەي بىرلا «x» ھەرپى بىلەن ئىپادىلىگەن (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 190-، 192-بەتلەر) . بۇنى قۇمۇل شېۋىسىنىڭ مەيلى شۇ دەۋردىكى، مەيلى ھازىرقى ئەھۋالىغا ئۇيغۇن، دېگىلى بولمايدۇ. بۇ بەلكىم س. يې. مالوفنىڭ [h] ۋە [x] تاۋۇشلىرىغا بولغان سېزىمچانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

بۇلاردىن باشقا، س. يې. مالوف ئەيگكدىكى يېتەرسىزلىكلەردىن ئۇنىڭ بەزى سۆزلەرگە بەرگەن تەرجىمىسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، سۆزلەرنىڭ خېلى بىر قىسىم گراماتىكىلىق تۈرلىنىشلىرىنىڭ لۇغەت (словар) قىسمىدا بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. شۇنىڭدەك بۇ ئەسەردە بەزى گراماتىكىلىق شەكىلمۇ ھېسابلانمايدىغان، لېكسىكىلىق بىرلىكمۇ ھېسابلانمايدىغان تەركىبلەرمۇ لېكسىكىلىق بىرلىك قىلىپ بېرىلگەن. مەسىلەن، مەزكۇر كىتاب 47-بەتتە ھەر قايسى ئۇيغۇر شېۋىلىرىدە كەڭ تارالغان «ئولاي يىلەن قاغا» دېگەن خەلق چۆچىكىدىكى «ئولاي — ئولار» سۆزى قۇمۇل شېۋىسىدە «olan» دېيىلگەنلىكتىن ئۇنى «ō(ʁ)lan - ئوغلان» دەپ ھېس قىلىپ «юнош» دەپ تەرجىمە قىلغان. يەنە، مەزكۇر كىتاب 147-بەت 2 - ئىستوندىكى «nizä» قۇمۇل شېۋىسىدە قانداقتۇر بىر مۇستەقىل تەركىب ياكى مۇستەقىل تىل بىرلىكى ئەمەس، ئۇ «andin kejin» دېگەن باغلىغۇچى بىرىكمىنىڭ كېيىنكى تەركىبىنىڭ

فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى ئارقىلىق، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «kɛdin – كېيىن» سۆزىنىڭ ئاخىرىدىكى [n] تاۋۇشى چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلۇپ، «kɛdi(n)» شەكلىگە كىرگىنىدىن كېيىن، ئاندىن بىر «-zɛ» يۈكلىمىسى قوشۇلۇش بىلەن ھاسىل بولغان. بۇ باغلىغۇچى بىرىكمىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى تولۇق شەكلى «a(ndin)kizi(n)zɛ > ɛkizizɛ» بولۇشى لازىم ئىدى. لېكىن، س. يې. مالوف بۇنىڭغا «zizä, ziza, ɪnizä» شەكلىدە ترانسكرىپسىيە بېرىپ، لېكسىكىلىق بىرلىكلەر ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويغان.

مۇنداق ئەھۋاللار س. يې. مالوفنىڭ مەزكۇر ئەسىرىدە خېلى جىق ئۇچرايدۇ.

بىز س. يې. مالوفنىڭ ئەسىرىدە ئۇچرايدىغان مۇنداق يېتەرسىزلىكلەر توغرىسىدا بۇ زاتقا بولغان ھۆرمىتىمىز ۋە بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىش نىيىتىدە بولمىغانلىقىمىز سەۋەبلىك ئارتۇق توختىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدۇق، بۇ مەسىلىلەرنى قۇمۇل شېۋىسىگە قىزىققۇچىلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىگە قالدۇردۇق.

قۇمۇل شېۋىسى 1956 — 1957-يىللىرى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەخسۇس تىل تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن ئەتراپلىق تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىدى (بەلكىم «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن). ئۇنىڭدىن كېيىن 1980-يىللىرى ياش تىلچىلىرىمىزدىن شىنجاڭ داشۆنىڭ دوتسېنتى ئارسلان ئابدۇللا قۇمۇل شەھەر ئىچى، ھەر قايسى تۇرالار، سومقاغا، ئاستانە، ئاقتاش، ئېدىر، شۆيتە، خوتۇنتام قاتارلىق جايلاردا تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قۇمۇل شېۋىسىنىڭ بىر قىسىم مۇھىم فونېتىكىلىق ۋە

گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى رەتلەپ، 1985-يىلى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس ساندا ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىتابخانلاردا قۇمۇل شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە بىر قەدەر ئومۇمىي چۈشەنچە ھاسىل بولدى. ئارسلان ئابدۇللا قۇمۇل شېۋىسىدە سۆزلەيدىغانلاردىن بولۇش سۈپىتى بىلەن تىل ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلەشتە خېلى ئەستايىدىل بولغان. شۇڭا، ئۇنىڭ قۇمۇل شېۋىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

بۇ نۆۋەتلىك تەكشۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، يۇقىرىدىكى تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق قۇمۇل شېۋىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولى مۇقىملاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخى بىر قەدەر مۇكەممەل شەرھلەندى، ئۇنىڭ ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىشقا خىزمەت قىلىدىغان لېكسىكىلىق تەركىبلىرىنىمۇ بىرقەدەر تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، دېگىلى بولمايتتى. مۇشۇ سەۋەبلەرگە ئاساسەن بىر پۈتۈن قۇمۇل شېۋىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىر قەدەر مۇكەممەلرەك شەرھلەش، ئۇنىڭ پايدىلىق تەركىبلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇپ، كۆمۈلۈپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان بىر تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان بىر خىزمەت بولۇپ قالغاندى.

مۇشۇ مەقسەتتە قۇمۇل ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر، تىل-يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسى يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا قۇمۇل شېۋىسىنى قايتىدىن ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈش لازىملىقى توغرىسىدا 1996-يىلى يىل بېشىدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە

رەھبەرلىكىگە قىسقىچە بىر دوكلات يازغانىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىكى بۇ خىزمەتنىڭ ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، كونكرېت يوليورۇق ۋە كۆرسەتمىلەرنى بېرىش بىلەن قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ يۇقىرىدىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى تەستىقلىدى.

بۇ گۇرۇپپا 1996-يىل 5-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تۆمۈرتى، توشو (< تاشغول؟) قاتارلىق جايلىرىدا مەخسۇس تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ گۇرۇپپا ئىگىلىگەن ماتېرىياللار قۇمۇل شېۋىسىنىڭ ھەقىقەتەن مەركىزىي دىئالېكت رايونى ئىچىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بىر شېۋە ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ لېكسىكىلىق بايلىق جەھەتتە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

## 2. تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى ۋە تاۋۇش بەرگۈچىلەرنىڭ تاللىنىشى

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى، قۇمۇلغا باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن ئۆز جەمەتىنىڭ لەقىمىنى ئۆز ئىسمىنىڭ ئاپىغىغا قوشۇپ قوللىنىدۇ ياكى ئۆزئارا شۇ لەقەم بىلەن ئاتاش ئادەت بولغان.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا قوللىنىلىۋاتقان جەمەت لەقەملىرى توغرىسىدا ھازىرغىچە چوڭقۇرراق بىر تەتقىقات يۈرگۈزۈلۈپ باقمىدى. سۇبىخەي ئەپەندىنىڭ «قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە (قاراڭ: مەزكۇر ئەسەر، 30-،

34-بەتلەر) قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا جەمەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ھەر قايسى قۇمۇل رايونلىرى بويىچە بىر قەدەر تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن. لېكىن، سۇبىخەي ئەپەندى كۆرسەتكەن جەمەت لەقەملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاپتور ئۆزى ئېيتقاندەك، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ نامى (مەسىلەن، مالىك جەمەت، لوقمان جەمەت)، ئۇلار شۇغۇللانغان كەسىپ نامى (مەسىلەن، چەپەك — چەلپەك جەمەت)، ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ مەلۇم جىسمانىي ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز (مەسىلەن، تۆكۈر جەمەت)، يا بولمىسا، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ مەلۇم پىسخىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ قويۇلغان لەقەم (مەسىلەن، كولدۇر جەمەت، قار ياغدى جەمەت) لەردىن ئىبارەت بولۇپ، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك قاتلىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز. راستىنى دېگەندە، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا قوللىنىلىۋاتقان جەمەت لەقەملىرىنىڭ كۆپىنچىسى يېقىنقى زامانلاردا بولسىمۇ، تارىختىكى بەزى قەبىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدىغانلىرىمۇ يوق ئەمەس. بۇ يەردە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك قاتلىمى توغرىسىدا يۈزە بولسىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈشكە، پەرەز قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان بەزى جەمەت لەقەملىرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش زىيانلىق بولمىسا كېرەك. ئالايلى، لاپچۇق تەۋەسىدىكى «قارلۇق» (شۇنىڭدەك بەزى خەلق قوشاقلىرىدا «قارلۇق» سۆزىنىڭ كۆرۈلۈشى)، «خۇ» قاتارلىق جەمەت لەقەملىرى بىزگە تارىختىكى قارلۇق قەبىلىسىنى، غۇر (ياكى ئۇيغۇر) لارنى ئەسلەتسە، راھەتباغ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردا كۆپرەك ئۇچرايدىغان جەمەت لەقىمى «ئەلكە» تارىختىكى «ئەلكە بۇلاق» قەبىلىسىنى (قاراڭ: م. قەشقەرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 175-، 492 - بەتلەر)، قاتارلىقلارنى ئەسلىتىدۇ...

تەۋەسىدە كۆپرەك كۆرۈلىدىغان «لوپلار» جەمەتى «لوپلۇق» ياكى «لوپنۇردىن كەلگەنلەر»نى ئەسلىتىدۇ دېسەك ئانچە خاتالاشمىغان بولىمىز. شۇنىڭدەك، تۆتتۇگمەن ۋە جىگدەبۇلاق قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك تارقالغان «چومەن — tʃomɛn» لەقىمىدىكى جەمەت بىزنىڭ «بۇلار تارىختىكى چومۇل قەبىلىسى بولسا كېرەك» دەپ پەرەز قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بۇ جەمەت لەقەملىرى ھەقىقەتەن يۇقىرىقىدەك پەرەزلەرگە ئۇيغۇن كەلگەندىمۇ، بۇ لەقەم ئىگىلىرى بۈگۈنكى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك قاتلىمىنىلا تەشكىل قىلغان، خالاس. يەنى بۇ جەمەتلەرنىڭ ھەر قايسىسى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىرىكىپ بۈگۈنكى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلارنىڭ تىللىرىمۇ بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ، بۈگۈنكى قۇمۇل شېۋىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۈگۈنكى قۇمۇل شېۋىسىنىڭ فونېتىكا، گراماتىكا، لېكسىكا قاتارلىق ھەر قايسى تەركىبلىرىدە، قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بۇ ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئەتكەن بولۇشى تۇرغان گەپ.

قۇمۇل شېۋىسىنى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نۇقتىنى تاللىۋېلىش بۇ خىزمەتنىڭ ئۇنۇملۇك ۋە ئىلمىي بولۇشىنىڭ ئاساسى ئىدى. قۇمۇل شېۋىسى گەرچە ئاھالىنىڭ يىغىنچاق ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىنى كۆزدە تۇتقاندا ئىككى ناھىيە بىر شەھەردە قوللىنىلىۋاتقان شېۋە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئومۇمىي تارقىلىش دائىرىسىدىن ئالغاندا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ پۈتۈن شەرقىي قىسمى بىلەن ئۇنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بىر شېۋە. شۇ سەۋەبتىن بەزى تىلشۇناسلار قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنى تاغلىقلار ۋە يەرلىكلەر (توغرىسى «ئويلۇقلار» بولۇشى كېرەك) دەپ

ئىككىگە ئايرىپ، قومۇل شېۋىسىنىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئىككىگە ئايرىپ قاراشقا مايىل بولۇشقان.

ھازىرقى تىل ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، ئويلۇقلارغا نىسبەتەن تاغلىقلارنىڭ تىلىدا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئائىت (يەنى ئۇلارنىڭ ئاساسەن چارۋىچىلىق، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى سەۋەبىدىن) بەزى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولۇشى، ھەتتا بەزى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. لېكىن، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مۇنداق قىسمەن، ساناقلىق تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يەنى قومۇل ئويلۇقلىرى بىلەن تاغلىقلىرى ئارىسىدىكى ئورتاق تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە سەل قاراش، نەتىجىدە قومۇل شېۋىسىنى تاغلىقلار شېۋىسى ۋە ئويلۇقلار شېۋىسى دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، دىئالېكت ۋە شېۋىلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مۇنداق ئۇششاق، ئانچە ئەھمىيىتى بولمىغان تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى شېۋىلەرنى بۆلۈش ئۆلچىمى قىلالمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بىر مەھەللە بىلەن ئىككىنچى بىر مەھەللىنىڭ، ھەتتا بىر ئائىلە بىلەن ئىككىنچى بىر ئائىلىنىڭ تىلىدىمۇ كۆرۈلۈپ قالىدىغان بەزى ئۇششاق پەرقلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارغىمۇ بىر شېۋە ياكى شېۋە ئىچىدىكى شېۋە دېگەندەك نام بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. دىئالېكت، شېۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كونكرېت تەتقىقاتتا ئىنچىكىلەشكە ئېتىبار بېرىدۇ، لېكىن خۇلاسىدە يىغىنچاقلاش، ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

مەيلى ھازىرقى مۇناسىۋىتى، مەيلى تارىخىي مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى رايون ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزئارا قويۇق كېلىش - بېرىشلىرىغا، جەمەت لەقەملىرىنىڭ ئوخشاشلىقىغا، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە سەل قاراشقا زادى بولمايدۇ. بولۇپمۇ

زامانىۋى قاتناش تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق. ئالايلى، قۇمۇل شېۋىسىدە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى [n] ، [ɣ] تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، g/w نۆۋەتلىشىشى قاتارلىق فونېتىكىلىق ھادىسىلەر، ئىزچىل تۈسلۈك ئۆزەكلەرنىڭ ياسىلىشى، ۋاستىلىك بايان رايىدىكى كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنىڭ ياسىلىشى (يەنى -r // -ur ، -yr قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدىغان كەلگۈسى زامان پېئىللىرى) پۈتۈن قۇمۇل شېۋىسىگە ئورتاق بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىر پۈتۈن قۇمۇل شېۋىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا شېۋىلىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، گۇرۇپپىمىز قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈشتە ئۇنى ئىككىگە ئايرىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى ۋە بۈگۈنكى كۈندە قۇمۇل شېۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆپرەك ساقلاپ قالغان بىر- ئىككى رايوننى (مەيلى ئۇنىڭ ئوي ياكى تاغ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) تاللاپ تەكشۈرسە بولىدۇ، دەپ قارىدى.

خاس دىئالېكتلىق، شېۋىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئومۇمەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەسىرى بولمىغان ياكى ئەڭ بولمىغاندىمۇ بىر قەدەر ئاز بولغان رايونلاردا ساقلىنىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقى گۇرۇپپا مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە قاتناش ئىشلىرى بىر قەدەر قىيىن بولغان، يەنى قۇمۇل شەھىرى بىلەن بېرىش-كېلىشى بىر قەدەر شالاڭراق بولغان، شۇ سەۋەبلىك قۇمۇل شېۋىسىنىڭ ئەسلى ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇقراق ساقلاپ قالغان تۆمۈرتى يېزىسى بىلەن توشو كەنتىنى تەكشۈرۈش ئورنى قىلىپ بەلگىلىدى.

بۇ رايونلار مەدەنىيەتتە نىسبەتەن ئارقىدىراق بولۇشى تۈپەيلى ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرىگە ئانچە يولۇقمىغان رايونلار ئىدى. شۇنىڭ

بىلەن بىللە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلاشمىغان، باشقا تىللارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىمىغان رايونلار ھېسابلىناتتى.

گۇرۇپپا كونكرېت تەكشۈرۈش خىزمىتىگە كىرىشكەندە تاۋۇش بەرگۈچىلەرنى تاللىۋېلىشقىمۇ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا، يەنى ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلىقىغا، ئومۇمەن ئالغاندا، تاۋۇش بەرگۈچىلەرنىڭ قوشۇل شېۋىسىگە ۋاكالىتەن تاۋۇش بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى ياكى ئىگە ئەمەسلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

× × ×

ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا تۆمۈرتى ۋە توشۇدىكى كادىرلار، كەڭ چارۋىچى ۋە دېھقان قېرىنداشلار خىزمىتىمىزگە يېقىندىن ياردەم قىلدى. گۇرۇپپىمىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خىزمىتىمىزگە ياردەم قىلغان، كونكرېت تاۋۇش بېرىشكە قاتناشقان بارلىق ئەر-ئايال قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

بۇ كىتابنى ئىشلەش جەريانىدا گۇرۇپپىمىز تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئاساس قىلىنغاندىن باشقا، يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان س. يې. مالوف، ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلارنىڭ ئەمگەك نەتىجىلىرىدىن، شۇنىڭدەك مەرھۇم غولام غوپۇرنىڭ «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى (مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986-يىل)» دىن پايدىلىنىلدى. گۇرۇپپىمىز بۇ ئاپتورلاردىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، گۇرۇپپىمىز بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى بىر قۇر رەتلەپ چىققاندىن كېيىن قوشۇل ۋىلايىتىدە مەخسۇس بىر سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوسمان تۆمۈر، ئابلىز بەھمەن، ئابدۇراخمان ۋەلى، ئابدۇرەقىپ تۆمۈر، ئايشەم ئەخمەت، ئەزىز ئابدۇرېھىم، ئىسمايىل ئابدۇل، مۇھەممەت ئەخمەت،

ئابدۇۋايىت باسىت، يۈسۈپ نىياز، ئابلىز ئابدۇللا، نەمەت ناسىر، ئابلىز ئابدۇللا ھەيدەر، كېرەم ۋاھىت، قۇربان نىياز، مۇھەممەت ئېلى قاتارلىق تىلچىلار، ئەدەبىياتچىلار ۋە تەھرىر-تەرجىمانلاردىن ئومۇميۈزلۈك پىكىر ئالدى ۋە بۇ پىكىرلەرگە ئاساسەن ماتېرىياللارنىڭ كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىدا ئىسمى بايان قىلىنغان يولداشلارنىڭ ھەممىسىگە گۇرۇپپىمىز سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

بۇ كىتابقا قۇمۇل شېۋىسىنىڭ ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىق بولغان تەركىبلىرىلا كىرگۈزۈلدى. ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش تەركىبلەر قالدۇرۇلدى.

سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى، قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش، ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش ۋاقتىمىزنىڭ قىسقا بولۇشى سەۋەبلىك كىتابتا كەمچىلىكلەرنىڭ ھەتتا خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. گۇرۇپپىمىز كەڭ كىتابخانلارنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى، خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشىنى، كەم ئورۇنلىرىنى تولۇقلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدۇ.

قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش مەخسۇس گۇرۇپپىسى

## تۆمۈرتى يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تۆمۈرتى يېزىسى قۇمۇل شەھىرىدىن 99كىلومېتىر شىمالدا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان. يېزا بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 2185 نەپەر (ئەر 1110، ئايال 1075)، تېرىلغۇ يەر مەيدانى 1716مو. بۇ يېزا دېڭىز يۈزىدىن 2700 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ،

قىرووۋسىز مەزگىلى قىسقا بولغاچقا، پەقەت ئارپا، پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەرنىلا تېرىغىلى بولىدۇ. يېزىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنىدۇ.

بۇ يېزا مەمۇرىي جەھەتتىن نېرناسى، دالىچى، سايتۇر، تۆمۈرتى دەپ تۆت مەمۇرىي كەنتكە بۆلۈنىدۇ.

بۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ناچار، قاتناشقى قولايسىز، يەرلىرى ئۇنۇمسىز. توك بولمىغاچقا تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى يوق، باتارېيىلىك رادىئومۇ ئومۇملاشمىغان. كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ رادىئو ئاڭلاش، گېزىت - ژۇرنال كۆرۈش ئىمكانىيىتى يوق. قاتناش قولايسىزلىقىدىن قۇمۇل شەھىرىگە بېرىش ۋە باشقا قوشنا جايلار بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى ئىنتايىن ئاز، ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۆمرىدە چەت جايلارغا بىرەر- ئىككى قېتىملا بارغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ جاينىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ئىنتايىن ئاز.

بۇ جاي باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشنىمۇ ئەمەس، قۇمۇل شېۋىسى بىر قەدەر ساپ ھالەتتە ساقلانغان.

شۇڭا، قۇمۇل شېۋىسىگە ۋەكىل سۈپىتىدە ئاساسىي نۇقتا قىلىپ تاللىۋېلىنغان.

## توشۇ كەنتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

بۇ كەنت تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئارىسىدا، قۇمۇل شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 91كىلومېتىر. زامانىۋى قاتناش يوق، توك يوق. ئومۇمىي نوپۇسى 402، ئۇيغۇرلار 73 ئائىلە، قازاقلار 7 ئائىلە بولۇپ، بۇلارنىڭ يازلىق يايلاقلىرىمۇ، قىشلىق ئولتۇراق جايلىرىمۇ

(مەھەللىسىمۇ) ئايرىم، ئۆزئارا تىل تەسىرى يوق.

خەلق دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلىدىغان زىرائەتلىرى كۆكلەكلىك ئارپا ۋە قىچا.

ئاھالىنىڭ خېلى بىر قىسمى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3-، 4-سىنىپلىرىدا ئوقۇغان. ھازىر ئىككى ئېپتىدائىي سىنىپ، 57 ئوقۇغۇچى، 3 ئوقۇتقۇچى بار.

توشو خەلقى يازلىقى دېڭىز يۈزىدىن 2400مېتىر ئېگىزلىكتىكى داڭسىڭ يايلىقىدا ئولتۇرىدۇ، قىشلىقى توشوغا كۆچىدۇ.

توشۇ كەنتى يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە ئاساسەن قوشۇمچە نۇقتا قىلىپ تاللىنىۋېلىنغان.

# Ⅱ فونېتىكا

## 1. قۇمۇل شېۋىسىنىڭ فونېمىلىرى توغرىسىدا

قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدىغان سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى فونېمىلار بىلەن ئوخشاش. بۇ توغرىدا تەكىتلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك نۇقتىلار تۆۋەندىكىلەر:

① قۇمۇل شېۋىسىدە [f] تاۋۇشى پەقەت بەزى تەقلىد سۆزلەردىلا كۆرۈلىدۇ.

② [ʐ] تاۋۇشى زىيالىيلار ياكى بىر قەدەر ساۋادلىقلار تىلىدا سۆز بېشىدا چەتتىن كىرگەن سۆزلەر تەركىبىدە كۆرۈلىسىمۇ، لېكىن ساۋادسىزلار مۇنداق سۆزلەرنى [ʣ] بىلەن تەلەپپۇز قىلىدۇ. مەسىلەن، ساۋادلىقلار ياكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە يېقىنلار «ʐornal – ژۇرنال» دېسە، ساۋادسىزلار ياكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن يىراق بولغان يېزا - قىرلاردا ئولتۇراقلاشقانلار «ʣornal» دەيدۇ.

قۇمۇل شېۋىسىدە [ʐ] تاۋۇشىنىڭ بىر قەدەر ئومۇمىيراق قوللىنىلىدىغان ئورنى ئاساسەن تەقلىد سۆزلەر ۋە ئاز بىر قىسىم پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

ئوتقا سۇ چېچىلىشتىن چىققان ئاۋازنىڭ تەقلىدى baʐ – baʐ

قازان نانىنىڭ پىشۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋازنىڭ تەقلىدى baʐ – buʐ

ئىسسىقنىڭ كۆيدۈرۈشىگە تەقلىد قىلىنغان سۆز biⱬ - biⱬ
سەي قورۇلغاندا چىققان ئاۋازنىڭ تەقلىدى gaⱬ - guⱬ
كانايىنىڭ خىرىلدىشىغا تەقلىد قىلىنغان سۆز giⱬ - giⱬ
كىشىلەر ئارا ماجىرانىڭ ئاۋازىغا تەقلىد قىلىنغان سۆز ƣaⱬ - ƣuⱬ
سوپۇننىڭ مازغاپ چىقىرىشىغا تەقلىد قىلىنغان سۆز ƣuⱬ - ƣuⱬ
كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا پىتىشماسلىقىغا قارىتىلغان تەقلىد سۆز ƣiⱬ - ƣiⱬ
ئادەم ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپلۈكىگە
تەقلىد قىلىنغان سۆز miⱬ - miⱬ
ماشىنىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن مېڭىشى ياكى شامالدۇرغۇچنىڭ
پىرقىرىشى، ئوقنىڭ ئۇچۇشىدىن چىققان ئاۋازغا تەقلىد
قىلىنغان سۆز wiⱬ - wiⱬ
كاج، تەتۈر (ئادەمگە قارىتىلىدۇ) kaⱬ
باج baⱬ
تاج taⱬa

## 2. قۇمۇل شېۋىسىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر

A. سوزۇق تاۋۇشلاردا

① سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

[a] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى

قۇمۇل شېۋىسىدە [a] تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار قوشۇلۇش سەۋەبىدىن مەزكۇر [a] بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇم ئوچۇق بوغۇم بولۇپ قالسا، [a] تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ [e] بەزىدە [o] غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئات at ئېتىم etim

| | | | |
|---|---|---|---|
| aʧ- | ئاچماق | eʧ(ip)qojdum | ئېچىپ قويدۇم |
| baq- | باقماق | beqip | بېقىپ |
| ʧat- | چاتماق | ʧetiq | چېتىق |
| aʧ- | ئاچماق | oʧuq | ئوچۇق |
| jap- | ياپماق | jopuq | يوپۇق |

كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمى [a] بىلەن، ئىككىنچى بوغۇمى ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بولسا، تارىخىي جەھەتتىن [a] تاۋۇشى خۇددى ئەدەبىي تىلدىكىدەك [e] ياكى [o] غا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن، neri – نىرى، qeri – قىرى، ejiq – ئىيىق، ōruq – ئورۇق، jōruq – يورۇق، - joʃur – يوشۇرماق قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا مۇشۇ تىپقا كىرىدىغان qemiʃ – قومۇش، leʧe(n) – لاچىن، jeŏi – يىغا، يىغلىق، xejiʃ – قاياش، ojup – ئايۇپ (ئادەمنىڭ ئىسمى)، qoʧura – قارىغاينىڭ بىر خىلى ( بەزى ھاللاردا qaʧura مۇ دېيىلىدۇ) قاتارلىق سۆزلەرمۇبار.

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى[a] تاۋۇشى گەرچە شۇ سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇملىرىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار كەلمىسىمۇ، [o] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىمۇ بىر خىل ئاجىزلىنىش، دەپ تونۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

چاۋات (ناننىڭ بىر خىلى) ʧowat

چاپاق ʧopaq

قۇمۇل شېۋىسىدە سۆزلەرنىڭ كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى [a] تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، ئەدەبىي تىلدىكىدەك ئاجىزلىنىپ [i] تاۋۇشىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| maŋdam | ماڭدام | maŋdimi | ماڭدىمى |

baia باﻻ balisi بالىسى

ئەگەر مۇنداق [a] تاۋۇشى بىر قەدەر ئۇزۇن ئېيتىلىدىغان بولسا، ئەدەبىي تىلىدىكىگە ئوخشاشلا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

gumā(n) گۇمان gumanim گۇمانىم

ʧiraj چىراي ʧiraji چىرايى

△ ʧiraji sørø(n) چىرايى سۆرۈن

sā(n) سان sani سانى

△ asmandiki jultuzni sani joq

qar قار qari قارى

△ taɓni qari eriptu

lal ناھال lali ناھالى

△ øtykni lali

ahaŋ ئاھاڭ ahaŋi ئاھاڭى

ʧam چام ʧamim چامىم

gupa ۋاپا gupasi ۋاپاسى

## [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى

قۇمۇل شېۋىسى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى نۇقتىسىدىن باشقا شېۋىلەردىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا پەرقلىنىدۇ. يەنى قۇمۇل شېۋىسىدە[ɛ] تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار قوشۇلۇش سەۋەبىدىن مەزكۇر[ɛ] بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، [ɛ] تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ [i] غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

mɛ̄(n) مەن miniŋ مىنىڭ

kɛ̄(l) - كەلمەك kilip كىلىپ

ئايرىم سۆزلەردىلا [e] غا ئاجىزلىشىشى مۇمكىن.

| | | | |
|---|---|---|---|
| qɛn | قەنت | qeni | قەنتى، قېنى |

ئەگەر مۇنداق [ɛ] دىن ئاجىزلىشىپ ھاسىل بولغان [i] تاۋۇشى ياكى ئىككى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش ئارىلىقىدا بولۇپ قالسا، ياكى ئۆزى يەككە ھالدا بوغۇم ھاسىل قىلسىمۇ، كەينىدىكى بوغۇم جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان بولسا، ئومۇمەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىنىشى ھەققىدىكى (29 - بەتتىكى) قائىدىلەر بويىچە جاراڭسىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| sɛp- | سەپمەك | sipidikɛ̄(n) | سىپىدىكەن |
| kɛt - | كەتمەك | kiti(p)paridu | كېتىپ بارىدۇ |
| ɛp | ئەپ | ipi wā(r) | ئېپى بار |
| tʃɛk- | چەكمەك | tʃikin - | چېكىنمەك |
| tɛʃ- | تەشمەك | tiʃip | تېشىپ |

پەقەت ئايرىم سۆزلەردىلا جاراڭسىزلاشماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| | پەش | tʃapanni piʃi | چاپاننىڭ پېشى |
| | | pɛʃ | |

ئەگەر مۇنداق بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە ئاجىزلاشقان [i] تاۋۇشى ئىككى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىدا بولۇپ قالسا ياكى بىر تەرىپىدىن جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن يانداش بولۇپ قالسا، جاراڭسىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| gɛp | گەپ | gipi | گېپى |
| bɛl | بەل | bilim | بېلىم |
| jɛm | يەم | toxo jimi | توخۇنىڭ يېمى |

ئەدەبىي تىلدا بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشى تارىخىي جەھەتتە [e] غا ئاجىزلاشقىنى بويىچە قېلىپلىشىپ كەتكەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى مەزكۇر [ɛ] تاۋۇشى قومۇل شېۋىسىدە

يەنىلا يۇقىرىقى قائىدە بويىچە [i] غا ئاجىزلاشتۇرۇپ ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭدىمۇ جاراڭسىزلىنىش ياكى جاراڭسىزلاشماسلىق ئەھۋالى يۇقىرىقى قائىدە بويىچە بولىدۇ. مەسىلەن:

[i] جاراڭسىزلىشىدىغانلىرىغا:

| | |
|---|---|
| چىچەك | tʃitʃεk |
| ئىشەك | iʃε̄k |
| كىسەل | kisεl |

[i] تاۋۇشى جاراڭسىزلاشمايدىغانلىرىغا:

| | |
|---|---|
| ئىڭەك | iŋεk |
| يىنىك | jinik |
| نىمە | nimε |

تۆۋەندىكى سۆزلەردە سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ε] تاۋۇشى گەرچە يۇقىرىدىكى فونېتىكىلىق شارائىتتا تۇرسىمۇ، ئۇزۇن تەلەپپۇز قىلىنغانلىقتىن [i] غا ئاجىزلاشماي، ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| tε̄m | تەم | tε̄mi | تەمى |
| △ tε̄mini bilmijdiʁā(n) | | تەمىنى بىلمەيدىغان | |
| tε̄ɾ | تەر | tε̄ɾim | تەرىم |
| pε̄m | پەم | pε̄mi | پەمى |
| △ pε̄mi joq | | پەمى يوق | |
| dε̄(ɾ)t | دەرد | dε̄(ɾ)di | دەردى |
| △ dε̄(ɾ)dini tā(ɾ)tijttimε̄(n) | | دەردىنى تارتىۋاتىمەن | |
| tʃε̄m | چەم | tʃε̄mi | چەمى |
| tʃε̄ɾ | خەپرۇك | tʃε̄ɾim | خەپرۇكۇم |

قوشۇل شېۋىسىدە سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ε] تاۋۇشىنىڭ [i] غا ئاجىزلاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم

سۆزلەرنىڭ مەلۇم گرامماتىكىلىق تۈرلىنىشلىرى بىلەن ئەسلىدە [i] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ خۇددى شۇنداق گرامماتىكىلىق تۈرلىنىشلىرى ئارىسىدا ئوخشاشلىق كېلىپ چىقىدۇ. مۇنداق ئوخشاشلىقتا ئىككى سۆزلەرنىڭ تۈرغۇن سۆزلەرگە كىرىدىغانلىرى ئەمەلىي ئالاقە شارائىتىغا قاراپلا پەرقلەندۈرۈلىدۇ.
مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| jɛl | يەل | jili | يېلى |
| jil | يىل | jili | يىلى |
| ɛn | ئەن | ini | ئېنى |
| in | ئىن | ini | ئىنى |

پېئىللارغا تەۋە بولغانلىرى ئەسلىدىكى [ɛ] دىن ئاجىزلاشقان [i] تاۋۇشىنى سەل ئۇزۇن تەلەپپۇز قىلىش بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.
مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| kɛr- | كەرمەك | kīrip | كېرىپ |
| kir- | كىرمەك | kirip | كىرىپ |
| sɛz- | سەزمەك | sīzip | سېزىپ |
| siz- | سىزماق | sizip | سىزىپ |
| tɛz- | تەزمەك | tīzip | تېزىپ |
| tiz- | تىزماق | tizip | تىزىپ |

قومۇل شېۋىسىدە سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى س. يې. مالوف تەكشۈرگەن دەۋردىمۇ [e] دىن [i] غا ئۆتۈش، يەنى ئاجىزلىشىشنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىش جەريانىنى كەچۈرۈۋاتقانلىقى ھېس قىلىنىدى. مەسىلەن: «kɛklik - كەكلىك» سۆزى بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزدە ئىككى قېتىم «kikilik» شەكلىدە، بىر قېتىم «kikilik» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىندى. س. يې. مالوفنىڭ خاتىرىسىدىمۇ «kikilik ، keklik»

شەكلىدە ئىككى خىل ئېلىنغان (قاراڭ: س. يې. مالوف، يۇقىرىقى ئەسەر 164-بەت). مۇشۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، قۇمۇل شېۋىسىدە [i] تاۋۇشىنىڭ جاراڭسىزلىشىشىنى قۇمۇل شېۋىسىنىڭ كېيىنكى ئالاھىدىلىكى، جاراڭسىزلاشماسلىقىنى بىر سارقىندى ئەھۋال، دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى سۈپىتىدە [ɛ] تاۋۇشى تارىخىي جەھەتتە [e] بىلەن تىل ئورنى ئوخشاش بولغان [ø] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىپ كەتكەن تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنىڭ قۇمۇل شېۋىسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| øryk | ئۆرۈك < | ɛryk |
| bøʃyk | بۆشۈك < | bɛʃik |
| tøʃyk | تۆشۈك < | tɛʃik |
| tøgɛ | تۆگە < | tɛwɛ |
| sømyr- | سەمرىمەك < | sɛmri- |

لوپنور دىئالېكتىدا [ɛ] تاۋۇشىنىڭ [E] ۋە [e] غا، خوتەن دىئالېكتىدا [ɛ] تاۋۇشىنىڭ [I] غا ئاجىزلاشقىنىغا قارىغاندا، قۇمۇل شېۋىسىدە سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] نىڭ [i] غا ئاجىزلىشىشى ۋە ھەتتا جاراڭسىزلىشىپ كېتىشى، ئۇنىڭدا باشقا شېۋىلەردە ئاجىزلاشمايدىغان [a] تاۋۇشىنىڭمۇ بەزى سۆزلەردە ئاجىزلىشىپ كېتىشى (مەسىلەن، «ajup - ئايۇپ (كىشى ئىسمى)» سۆزىنىڭ «ojup» بولۇپ كېتىشى، «hapiz - ھاپىز» سۆزىنىڭ «hepiz» بولۇپ كېتىشى) قۇمۇل شېۋىسىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى جەھەتتە باشقا دىئالېكت ياكى شېۋىلەردىن خېلىلا پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سۆزلەرنىڭ كېيىنكى بوغۇملىرىدا كەلگەن [ɛ] تاۋۇشىمۇ ئەگەر

ئۆزۈن سوزۇق تاۋۇش بولمىسا، يۇقىرىقى شارائىتتا بىرىدەك ئاجىزلىشىپ [i] غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| nimɛ | نىمە | nimisi | نىمىسى |
| kimɛ | كىمە | kimisi | كىمىسى |

ئەگەر ئۆزۈن سوزۇق تاۋۇش بولسا، ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| tɛlɛ̄t | تەلەت | tɛlɛ̄ti | تەلەتى |

△ tɛlɛ̄ti sɛt تەلەتى سەت

② سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىشىشى

قۇمۇل شېۋىسىدە سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلاردىن كېيىن جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار كەلسە ياكى ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ بىر بوغۇم ھاسىل قىلسا، ياكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ بوغۇم ھاسىل قىلسىمۇ، كېيىنكى بوغۇمنىڭ بېشى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشتىن بولسا تامامەن جاراڭسىزلىشىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى سۆزلەردە شۇنداق:

| | | | |
|---|---|---|---|
| i̇s | | | ئىس |
| i̇ʃ | | | ئىش |
| i̇ʃ- | itʃip | ئىچىپ | ئىچمەك |
| u̇ʃ- | utʃup | ئۇچۇپ | ئۇچماق |
| u̇ʃ | ytʃi | ئۈچى | ئۈچ (سان) |
| tẏkyr̥- | | | تۈكۈرمەك |
| pi̇ʃ- | | | پىشماق |
| u̇pa | | | ئۇپا |
| i̇ʃɛk | | | سىرنقئىشەك، ئىشەك |
| su̇q- | | | يۇشۇرماق |
| ti̇ta- | | | تىتىماق |

(مەتبەئەدىكى قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن باشقا جايلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىشىش بەلگىسى ئىشلىتىلمىدى)

لېكىن، ئاز ساندىكى سۆزلەر بۇ قائىدىگە بويسۇنمايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| piʃɑ̄nɛ | | | پېشانە |

③ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

قوشۇل شىۋىسىدە ئىككىنچى بوغۇمى ئېغىز سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلسا، ئوتتۇرىدىكى بوغۇم قىسقىرايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| oro(n) | | | ئورۇن |
| | ornum | ئورنۇم | |
| buro(n) | | | بۇرۇن (ئەزا) |
| | burnuŋ | بۇرنۇڭ | |
| køŋyl | | | كۆڭۈل |
| | køŋnym | كۆڭلۈم | |
| bojo(n) | | | بويۇن |
| | bojni | بويىنى | |
| oʁul | | | ئوغۇل |
| | ō(ʁ)lum | ئوغلۇم | |
| baʁir ~ beʁir | | | بېغىر // باغىر |
| | bā(ʁ)rim | باغرىم | |
| aʁiz ~ eʁiz | | | ئېغىز // ئاغىز |
| | ā(ʁ)ziŋ | ئاغزىڭ | |

④ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

a/ɛ ئۆزگىرىشى

| | |
|---|---|
| taxsa | تەخسە |

| | |
|---|---|
| qaɓaz | قەغەز |
| ajnɛk | ئەينەك |
| ʤamat | جەمەت |
| laqam | لەقەم |
| nam | نەم |
| harɛ | هەره (ياغاچچىلىق ئەسۋابى) |

i/ɛ نۆۋەتلىشىشى

قۇمۇل شىۋىسىدە بوغۇم ئاخىـــرى بولۇپ كەلگەن [j] دىن ئالدىنقى [ɛ] تاۋۇشى [i] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. بۇ ئەھۋال سۆز يىلتىزلىرىدىن باشقا، گىرامماتىكىلىق قوشۇمچىلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| zijnɛp | زەينەپ (خاس ئىسىم) |
| ʤijnɛk | جەينەك |
| ʧijlɛ- | چەيلە -، چەيلىمەك، چەيلەش |
| zijkɛʃ | زەيكەش |
| jøgij | يۆگەي، يۆگىمەچ |
| øgij | ئۆگەي |
| mijli | مەيلى |
| dij | دەي (پېئىلنىڭ خالاش رايى، 1-شەخس، بىرلىكى) |
| kɛ̄(l)mij | كەلمەي (بولۇشسىزلىق فورمىسىدىكى رەۋىشداش) |

ɛ/a نۆۋەتلىشىشى

| | |
|---|---|
| ʧɛŋgɛl | چاڭگال |
| ʤɛŋgɛl | غۇژمەك |
| sypɛ | سۇپا |
| dɛŋgɛl | داڭگال |
| jaŋpɛʃ | يانپاش |

| | |
|---|---|
| tillɛ- | تىللا- ، تىللىماق، تىللاش |
| hɛjdɛ- | ھەيدە- ، ھەيدىمەك، ھەيدەش |
| ɛdɛm | ئادەم |
| ɛjʃɛm | ئايشەم (خاس ئىسىم) |
| sɛŋgilɛ- | ساڭگىلا- ، ساڭگىلىماق، ساڭگىلاش |
| sɛjlɛ- | سايلا- ، سايلىماق، سايلاش |

i/a نۆۋەتلىشىشى

| | |
|---|---|
| jiʁaʃ | ياغاچ |
| taq jiʁaʃ | ئىشىك ئۈستىدىكى ياغاچ |
| ʧikanda | چاكاندا |
| ʧikɛr | چاكار |
| qiznaq | قازناق |
| inɛ | ئانا |

u/o نۆۋەتلىشىشى

| | |
|---|---|
| buwa | بوۋا |
| sura- | سورا- ، سورىماق، سوراش |
| dupa | دوپپا |

B. ئۈزۈك تاۋۇشلاردا

① ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

a. قۇمۇل شېۋىسىدە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدا كەلگەن [p], [k], [q] تاۋۇشلىرى ئاجىزلىشىپ [w], [g], [ʁ] غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| tajaq | تاياق | tajiʁi | تايىقى |
| ɛ̄(g)lɛk | ئەلگەك | ɛ̄(g)ligim | ئەلگىكىم |
| ɛlɛp | ھەلەپ | ɛliwi | ھەلىپى |

b. سۆز ئاخىرىدا كەلگەن [ʧ] تاۋۇشى [ʃ] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

شۇ سۆزنىڭ ئايىغىغا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانغاندىلا ئاندىن [tʃ] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| køʃ- | كۆچ - | køʃkɛ̄(n) | كۆچكەن |
| | | køtʃyp | كۆچۈپ |
| tʃaʃ- | چاچ - | tʃaʃtim | چاچتىم |
| | | tʃatʃur | چاچار |
| iʃ- | ئىچ - | iʃkij | ئىچكەي |
| | | itʃip | ئىچىپ |
| tʃaʃ | چاچ | tʃaʃqa | چاچقا (يۆنىلىش كېلىش) |
| | | tʃetʃim | چېچىم |
| tʃømyʃ | قاپاق چۆمۈچ | tʃømytʃym | چۆمۈچۈم |

c . سۆز ئاخىرىدا كەلگەن [q]، [k] تاۋۇشلىرى مەزكۇر سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلار، [r]، [q]، [k] تاۋۇشلىرىدىن باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلسا، [x]، [ʁ] غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| aq | ئاق | axla- | ئاقلا- ، ئاقلىماق، ئاقلاش |
| | aqar- | | ئاقار- ، ئاقارماق، ئاقىرىش |
| toq | توق | toxla- | توقلا- ، توقلىماق، توقلاش |
| | toqaraq | | توقراق |
| tʃɛk | چەك | tʃɛʁlɛ- | چەكلە- ، چەكلىمەك، چەكلەش |
| | tʃiki | | چېكى |
| tik | تىك | tiʁlɛ- | تىكلە- ، تىكلىمەك، تىكلەش |
| | tikɛrɛk | | تىكرەك |

d. قۇمۇل شېۋىسىدە بوغۇم ئاخىرىدا ياكى ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئارىسىدا كەلگەن [ʁ]، [g] تاۋۇشلىرى ئەسلىدىكى پارتىلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلۇق خاراكتېرىنى يوقىتىپ، ئاجىزلىشىپ [ɣ]، [j] تاۋۇشلىرىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: beɣim - بېغىم، biʝim - بېگىم، tʃij - چىگ -، دېگەن سۆزلەردىكىدەك.

قۇمۇل شېۋىسىدە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن [ʁ]، [g] تاۋۇشلىرىنىڭ بەزى سۆزلەردە تامامەن چۈشۈپ قېلىشىنى ياكى بەزى سۆزلەردە [j] غا نۆۋەتلىشىشىنى (مەسىلەن، qojla - قوغلا، bijiz - بېگىز سۆزلىرىدىكىدەك) مۇشۇنداق ئاجىزلىشىشنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەسلەتمە: مەتبەئەدىكى ئوڭايلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، [k]، [g]، [ʁ] تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن ھاسىل بولغان [ʝ]، [ç]، [ɣ] تاۋۇشلىرى مۇشۇ يەردىن باشقا ئورۇندا ئايرىم ھەرىپ بىلەن كۆرسىتىلمىدى. مۇنداق سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، قائىدىسى يۇقىرىدا كۆرسىتىپلا قويۇلدى، سۆزلۈك قىسمىغا ئېلىنىشقا تېگىشلىكلىرى يېزىلىشى بويىچىلا بېرىلدى.

② ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

[n] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

قۇمۇل شېۋىسىدە بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەر، جۈملىدىن پۈتكەن ۋە پۈتمىگەن سۈپەتداشلار، بەزى ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن [n] تاۋۇشى، شۇنىڭدەك كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [n] تاۋۇشى ئادەتتە چۈشۈرۈپ ئېيتىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق سۆزلەرنىڭ ئايىغىغا يەنە باشقا قوشۇمچىلار (مەسىلەن، كېلىش قوشۇمچىلىرى، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى، تەۋەلىك

قوشۇمچىلىرى، ئىككىلەمچى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار) قوشۇلسا، بىر بولسا ئەينەن، بىر بولسا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە كىرگەن شەكلى بىلەن پەيدا بولىدۇ. مۇنداق چۇشۇپ قېلىش مەزكۇر [n] تاۋۇشى كەلگەن بوغۇمنىڭ قانداق سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ تۈرلۈك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇلار تۆۋەندىكىلەر:

① . [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرىدىن كېيىن كەلگەن [n] تاۋۇشى چۈشۈپ قالسا، مەزكۇر [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرىنى دىماغلاشتۇرىدۇ.

[a] تاۋۇشىدىن كېيىن كەلگەن [n] نىڭ چۈشۈپ قېلىشى

- V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | | | |
|---|---|---|---|
| نان | | | nā(n) |
| جان | | | ʤā(n) |
| قان | | | qā(n) |
| يان | يان ياغاچ | ~ jiɓaʃ | jā(n) |
| دان | | | dā(n) |

- V - V قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەزەن | ئەزەن ئېيتماق | ~ ejtmaq | azā(n) |
| ئامان | | | amā(n) |
| ئاتان | ئاتان تۆگە | ~ tøgɛ | atā(n) |
| ئاران (رەۋىش) | | | arā(n) |
| ئىلان | | | ilā(n) |

- V - - V قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| ئاسلان | aslā(n) |
| ئۇستىخان | usqā(n) |
| ئىلمان | ilmā(n) |
| ئازغان | azɓā(n) |

| | |
|---|---|
| ئوبدان | ɑbdɑ̃(n) |

- V - V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| سامان | sɑmɑ̃(n) |
| تاپان | tɑpɑ̃(n) |
| قاۋان | qɑwɑ̃(n) |
| بىگەن (ياغاچچىلىق ئەسۋابى) | bigɑ̃(n) |
| گۇمان | gumɑ̃(n) |

- V - - V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| هايۋان | hɑjgɑ̃(n) |
| پالۋان، ئوۋچى، مەرگەن | pɑlgɑ̃(n) |
| شىۋىرغان | ʃurʁɑ̃(n) |
| خامان | xɑrmɑ̃(n) ~ xirmɑ̃(n) |
| يوتقان | jortqɑ̃(n) ~ jotqɑ̃(n) |
| چولپان | tʃolpɑ̃(n) |
| چولپانخان (خاس ئىسىم) | tʃolpɑ̃(n) xɑ̃(n) |

- V - V - V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| چىچىرغان (بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك) | tʃitʃirʁɑ̃(n) |
| سېغىزخان | seʁizʁɑ̃(n) |

مۇنداق چۈشۈپ قېلىش [n] تاۋۇشى سۆز ئوتتۇرىسىدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندىمۇ، شۇنىڭدەك قوش ئۈزۈك تاۋۇش تەركىبىدە كەلگەندىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىنقىسىغا:

| | |
|---|---|
| ئوغرى | kɑ̃(n)tu |
| يانچۇق | jɑ̃(n)tʃuq |
| مانتا | mɑ̃(n)tɑ |
| يانتاق | jɑ̃(n)tɑq |

كېيىنكىسىگە:

| | |
|---|---|
| يانچىماق | jā(n)tʃ- |
| سانچىماق | tʃā(n)tʃ- |

[ɛ] تاۋۇشىدىن كېيىن كەلگەن [n] نىڭ چۈشۈپ قېلىشى
- V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| مەن | mɛ̃(n) |
| سەن | sɛ̃(n) |
| قەن | qɛ̃(n) |

- V - V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| كۆگەن (ماللارنى بىر-بىرىگە چېتىپ باغلايدىغان باغلاق) | køgɛ̃(n) |
| ئاۋارىچىلىك، جوۋالغۇ، چىقىمدارلىق | dzorɛ̃(n) |
| رەۋەن | røgɛ̃(n) |
| بىلەن (باغلىغۇچى) | wilɛ̃(n) ~ minɛ̃(n) |

- V - - V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| لەگمەن | lɛ̃(g)mɛ̃(n) |
| تاۋۇت قويۇلىدىغان ئۆي | sowmɛ̃(n) |
| توقسان | toxsɛ̃(n) |
| سەكسەن | sɛksɛ̃(n) |

- V - - V - V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| تۈگمەن | tigirmɛ̃(n) |

- V - V - V قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| ئەتىگەن | ɛtigɛ̃(n) |

سۆز ئوتتۇرىسىدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە ھەم چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| چۆچۈرە | bɛ̃(n)ʃɛ// tʃødzyrɛ |

lɛ̃(ŋ)puŋ لەڭپۇڭ

[o]، [ø] تاۋۇشلىرى بىلەن قۇرۇلغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن [n] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بەزى سۆزلەردە ئانچە ئېنىق ئەمەس. مۇنداق قۇرۇلمىدىكى سۆزلەرمۇ ساناقلىق، مەسىلەن، «ton - تون» سۆزىدە چۈشۈپ قالسا («tō(n)kijiptu»)، køn - كۆن، on - ئون (ساناق سان) سۆزلىرىدە چۈشۈپ قالىدىغانلىقى مەلۇم بولمىدى. ئاما، سۆز ئوتتۇرىسىدا بۇ سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بوغۇملارنىڭ ئاخىرىدىكى [n] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

mō(n)ʧɑq مونچاق

ئەگەر كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە [u], [y], [i] تاۋۇشلىرىدىن كېيىن كەلگەن [n] تاۋۇشى چۈشۈپ قالسا، مەركۇر سوزۇق تاۋۇشلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا [o], [ø], [e] تاۋۇشلىرىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

[u] دىن كېيىن كەلگەن [n] نىڭ چۈشۈپ قېلىشى

- V - V قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

oro(n) ئورۇن

uzo(n) ئۇزۇن

- V - V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

xoto(n) خوتۇن

bojo(n) بويۇن

sowo(n) سويۇن

qoɓo(n) ~ ɓo(n) قوغۇن

buro(n) بۇرۇن (پۇراش ئەزاسى)

bowo(n) ~ boɓo(n) ياۋا ھەرە، گۈل ھەرىسى

- V - - V- قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| نۇرغۇن | nurɓo(n) |
| قۇشقۇن | qùʃqo(n) |
| بالغۇن (بىر خىل ئۆسۈملۈك) | balɓo(n) |

- V - V - V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| تېلېفون | tilopo(n) |

- V - - V قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| ئالتۇن | alto(n) |
| ئالۋۇن، ئېزىتقۇ، سەراب | alwo(n) |

[y] تاۋۇشىدىن كېيىن كەلگەن [n] نىڭ چۈشۈپ قېلىشى

- V - V قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| ئۆگۈن | øgø(n) |
| كۆكۈيۈن | køkø(n) |

- V - V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| قۇلاقنىڭ كۆمۈرچەك قىسمى | møsø(n) |
| چۆگۈن | tʃøgø(n) |

- V - V - V قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| ئۇزاكۈن | ozokø(n) |

- V - V - V - قۇرۇلمىسىدىكىلەر:

| | |
|---|---|
| تۈنۈگۈن | tynøgø(n) |

[i] تاۋۇشىدىن كېيىن كەلگەن [n] نىڭ چۈشۈپ قېلىشى

| | |
|---|---|
| قېلىن | qele(n) |
| كېيىن | kije(n) |
| چىۋىن | tʃiwe(n) |
| لاچىن | letʃe(n) |
| باچىرغىن (بىر خىل ئۆسۈملۈك) | batʃirɓe(n) |

## پۈتكەن ۋە پۈتمىگەن سۈپەتداشلاردا چۈشۈپ قېلىشى

| | |
|---|---|
| tutqɑ̃(n) | تۇتقان |
| oquʁɑ̃(n) | ئوقۇغان |
| ɑ̃(ʁ)rijdiʁɑ̃(n) | ئاغرىيدىغان |
| kɛ̃(l)gɛ̃(n) | كەلگەن |
| kɛtkɛ̃(n) | كەتكەن |

## ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردا چۈشۈپ قېلىشى

1. tʃɑ̃(n)-

| | |
|---|---|
| ɛmgɛktʃɑ̃(n) | ئەمگەكچان |
| tiriʃtʃɑ̃(n) | تىرىشچان |
| køjymtʃɑ̃(n) | كۆيۈمچان |

2. xɑ̃(n)-

| | |
|---|---|
| mɛŋxɑ̃(n) | مەڭخان (كىشى ئىسمى) |
| tɛkɛxɑ̃(n) | تەكەخان< تەركەنخان |

3. dɑ̃(n)-

| | |
|---|---|
| xumdɑ̃(n) | خۇمدان |
| tʃajdɑ̃(n) | چايدان |

4. -qo(n),-ʁo(n),-kø(n),-gø(n)

| | |
|---|---|
| tʃapqo(n) | جۇدۇن - چاپقۇن |
| taʃqo(n) | تاشقىن |
| julʁo(n) | يۇلغۇن |
| kɛlkø(n) | كەلكۈن |
| turʁo(n) | تۇرغۇن |
| tyrgø(n) | تۈرگۈن |
| sɛpkø(n) | سەپكۈن |

5. - o(n), - ø(n), - e(n)

| | | | |
|---|---|---|---|
| qujo(n) | قۇيۇن | qojo(n)taz | قۇيۇنتاز |
| pytø(n) | | | پۈتۈن |
| jeqe(n) | | | يېقىن |
| kele(n) | kile(n) | | كېلىن |
| tʃeqe(n) | | | چېقىن |

تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردا چۈشۈپ قېلىشى

چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «-tin، -din» دا چۈشۈپ قېلىشى

ikkide(n) ئىككىدىن

△ bir qulaqqa ikkide(n) بىر قۇلاققا ئىككىدىن...

kimde(n) كىمدىن

ئەسلەتمە

① [n] تاۋۇشى پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزەكلىرىنىڭ ئاخىرىدا چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

tʃan- چانماق

ojlan- ئويلانماق

julun- يۇلۇنماق

iʃlɛn- ئىشلەنمەك

② باشقا تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىپ كەلگەن [n] تاۋۇشى، كۆپىيىپ قالغان [n] تاۋۇشى چۈشۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| mɛndir | (مۆلدۈر) | møldyr | ئەسلى: |
| botuntʃaq | (بوتا) | botu+tʃaq | ئەسلى: |

③ ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە [n] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

kyn كۈن

tyn تۈن

| | |
|---|---|
| ئۈن | yn |
| ئۇن | un |
| جىن | dzin |
| دىن | din |

ئەگەر بۇ سۆزلەر بەزىدە سانلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئىككى بوغۇم بولۇپ قالسا، يۇقىرىقى قائىدە بويىچە چۈشۈپ قېلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بىر كۆن | bir kø(n) |

[g], [ʁ] تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىنىشى

قۇمۇل شېۋىسىدە [a], [o], [u] تاۋۇشلىرىدىن كېيىن بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [ʁ] تاۋۇشى، [ɛ] دىن كېيىن بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [g] تاۋۇشى ئومۇمەن چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

[ʁ] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىنىشىغا:

| | |
|---|---|
| چاغلىماق، قازماق، يەر ئاغدۇرماق | tʃā(ʁ)la- |
| ئاغرىماق | ā(ʁ)ri- |
| ياغلىق | jā(ʁ)liq |
| باغداش (يەر نامى) | bā(ʁ)daʃ |
| ئوغلاق | ō(ʁ)laq |
| توغراق | tō(ʁ)raq |
| تولغاق (ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق) | tō(ʁ)laq |
| بۇغرا (ئەركەك تۆگە) | bū(ʁ)ra |
| ئوغلان، باتۇر، مەرد | ō(ʁ)lā(n) |
| توغرا (سۈپەت) | tō(ʁ)ra |

بەزى سۆزلەردە مۇنداق [ʁ] تاۋۇشى [j] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| قوغلىماق، قوغلاش | qojla- |

[g] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا:

| | |
|---|---|
| ئەلگەك | ɛ̄(g)lɛk |
| تاسقىماق، تاسقاش | ɛ̄(g)lɛ- |
| ئەگرى | ɛ̄(g)ri |
| لەگلەك | lɛ̄(g)lɛk |
| لەڭمەن | lɛ̄(g)mɛ̄(n) |

[k], [q] تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

قومۇل شېۋىسىدە سۆز ئاخىرىدىكى [q], [k] تاۋۇشلىرى مەزكۇر سۆزلەرگە [ʁ], [g], [j] قاتارلىق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەر قوشۇلۇپ ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچى مۇناسىۋىتىدىكى بىرىكمىلەرنى ياسىغاندا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| كۆكبارغول (يەر ئىسمى) | kø(k)jarʁol |
| ئايەر < ئاقيەر (يەر ئىسمى) | ā(q)jɛr |
| ئاق يىپ | ā(q)jɨp |
| سېرىق ياغ | sere(q)jaʁ |
| ئاق گۈل | ā(q)gyl |
| كۆكگۈل (بىر خىل گۈلنىڭ نامى) | kø(k)gyl |
| قىرىقغول (يەر ئىسمى) | qɨr(q)ʁol |

[j] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

تۆۋەندىكى سۆزلەر يەككە ئىشلىتىلگەندىمۇ ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى [j] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئايرىم | ā(j)rim |
| سايرا - سايرىماق، سايراش | sā(j)ra- |
| سايراۋاتىدۇ | sā(j)rajttu |
| قايرى -، قايرىماق، قايرىش | qā(j)ri- |
| چاي | tʃā(j) |

qā(j)ʧa قايچا
ʧō(j)la چويلا
pɛ̄(j)l پەيل
ʧɛ̄(j)do چەيدو
lɛ̄(j)liqazaq لەيلىقازاق گۈل
qū(j)ruq قۇيرۇق
bū(j)ruq بۇيرۇق
bā(j)raq بايراق
wā(j)ʤā(n) ۋايجان (ئۇندەش سۆز)

« qoj- – قوي» پېئىلى يەككە ئېيتىلغاندا تەركىبىدىكى [j] چۈشۈپ قالمىسىمۇ، لېكىن تۈرلىنىشكە كىرگەندە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

qoj- قوي - ، قويماق، قويۇش

qō(j)sina قويسىنا qō(j)ma قويما

qō(j)maste(n) قويماستىن

تۆۋەندىكى سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدىكى [j] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە [j] دىن ئالدىنقى [a], [ɛ] تاۋۇشلىرى ئۇزۇن [o], [ø] لەرگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

bozō(j) موزاي
pytø̄(j) پۈتەي
bylø̄(j) بىلەي
køsø̄(j) كۆسەي

تۆۋەندىكى سۆزلەر گەرچە يۇقىرىدىكى سۆزلەرگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئايىغىدىكى [j] تاۋۇشى چۈشۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

qajmaq قايماق
ojmaq ئويماق

ojna- ئوينا-، ئوينىماق، ئويناش

hɛjdɛ- ھەيدە-، ھەيدىمەك، ھەيدەش

ojmaŋ ئويمان

[r] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

قۇمۇل شېۋىسىدە سۆز ئاخىرى ياكى بوغۇم ئاخىرىدىكى [r] نىڭ چۈشۈپ قېلىشى نىسبەتەن ئاز كۆرۈلىدۇ. [r] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى كۆپىنچە [a], [ɛ] تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ياكى شۇنداق بوغۇملار ۋە قوشۇمچىلاردا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

[a] تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇم ياكى قوشۇمچىلاردا چۈشۈپ قېلىشى:

bā(r) بار

△beri ʃu بارى شۇ

△monaq tʃeɓi wā(r) مۇنداق ئوخشايدۇ

bā(r)- بارماق، بېرىش bā(r)dim باردىم

balilā(r) باللار qatʃorilā(r) قارىغايلار

تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر ۋە بوغۇملار گەرچە يۇقىرىقىغا ئوخشىسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى [r] چۈشۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

qar قار

△qari eriptu قارى ئېرىپتۇ

tar تار (سۇپەت)

△tarla(p) kɛtti تارلىشىپ كەتتى

sar سار

jarma يارما

△tʃaʃni jarmisi چاچنىڭ يارمىسى

qartʃiɓa قارچىغا

| | |
|---|---|
| دۇتار | dutar |

تەقلىد سۆزلەردىن مىسال:

| | |
|---|---|
| شار-شۇر | ʃar - ʃur |
| پار-پۇر | par - pur |

[ɛ] تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن سۆز، بوغۇم ۋە قوشۇمچىلاردا چۇشۇپ قىلىنىشى

| | |
|---|---|
| يەر | jɛ̄(r) |
| مىنىڭ يىرىم | △mini jirim |
| تەرمەك، تىرىش | tɛ̄(r)- |
| تىرىۋال | △tiriwal |
| تەر | tɛ(r) |
| مىنىڭ تىرىم | △mini tirim |
| بەرمەك، بىرىش | bɛ̄(r)- |
| بىرىپ قويدۇم | △bir(ip) qojdum |
| تەرمەچ | tɛ̄(r)mɛtʃ |
| سەر (ئىغىرلىق ئۆلچىمى) | sɛ̄(r) |
| سەرى | seri |
| ئىدەر | idɛ̄(r) |
| ئىدىرى توشتى | △idiri toʃti |
| ئەركەك | ɛ̄(r)kɛk |

| | | | |
|---|---|---|---|
| dɛ̄(r)t | دەرد | dɛrdim | دەردىم |
| øjlɛ̄(r)) | ئۆيلەر | øjliri | ئۆيلىرى |

تۆۋەندىكى سۆزلەر ۋە بوغۇملار گەرچە يۇقىرىقىغا ئوخشىسىمۇ [r] تاۋۇشى چۇشۇپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| تەۋرىمەك، تەۋرەش | tɛrwɛ- |
| يىتەرلىك | jitɛrlik |

zadɛr — زەردار، پۇللۇق

kɛr- — كەرمەك، كېرىش

△kīrildi — كېرىلدى

[o] تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەردە ئەگەر [r] تاۋۇشى قوشما ئۈزۈك (ياكى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن قاتار ئۈزۈك) تاۋۇشىنىڭ ئالدىنقىسى بولسا، چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

qō(r)qmas — قورقماس

qō(r)quntʃaq — قورقۇنچاق

كۆپلىگەن [o] بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى [r] چۈشۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

ʃor شور ʃori شورى

zor زور zorla- زورلىماق، زورلاش

tor تور

or- ئورماق، ئورۇش orajniŋ ئورايلى

dordaq دورداي

[ø] بىلەن تۈزۈلگەن، [r] بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق سۆزلەر نىسبەتەن ئاز. بۇلاردىن مىسال كەلتۈرسەك:

kø̄(r)- — كۆرمەك، كۆرۈش

△kø̄(r)s(i)lɛ — كۆرسىلە

gør — گۆر

jørtkɛ- — يۆتكىمەك، يۆتكەش

ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلاردىن كېيىن كەلگەن [r] تاۋۇشى مەيلى سۆزدە، مەيلى سۆزنىڭ مەلۇم بوغۇمى ياكى قوشۇمچىلاردا چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

tyr- — تۈرمەك، تۈرۈش

syrkɛ- — سۈركىمەك، سۈركەش

| | |
|---|---|
| kømyr | كۆمۈر |
| qur قۇر | bir qur بىر قۇر |
| ur- | ئۇرماق، ئۇرۇش |
| turna | تۇرنا |
| qatʃur- | قاچۇرماق، قاچۇرۇش |
| øŋgyr | ئۆڭكۈر |
| sir | سىر |
| mɛndir | مۆلدۈر |
| ʤimdir | جىمبىل |
| qirla- | قىرلىماق، قىرلاش |

[1] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

قۇمۇل شېۋىسىدە ئومۇمەن پەس ياكى سەل پەس سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ياكى بوغۇملارنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن [l] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مۇنداق [l] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدىغان سۆزلەر تۈرغۇن سۆزلەردىمۇ، پېئىللاردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| pā(l)ʧiq | لاي بالچىق |
| jā(l)ʁuz | يالغۇز |
| ʧɛ̄(l)pɛk | چەلپەك |
| bɛ̄(l)ʧir | ئاچال |
| bir tā(l) daduza | بىر تال پۇرچاق |
| jā(l)ʁā(n) | يالغان |
| ʧā(l)ʤa | سالجا |
| qizi(l)juʁo(n) | قىزىل يۇلغۇن (يەر ئىسمى) |

پېئىللاردىكى [l] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى شەرتلىك بولىدۇ، يەنى - al ـ ئال - ، - sal ـ سال - ، - qal ـ قال - ،

- tʃɑl - چال -، - kɛl - كەل -، - bol- بول -، - qil - قىل -
قاتارلىق پېئىللار پېئىللارنىڭ پۈتكەن سۈپەتداش تۈرى، خالاش رايى، ۋاسىتىلىك بايان رايىدىكى ئۆتكەن زامان پېئىلى، پەرەز-قارشىلىق رايى، بۇيرۇق رايىنىڭ 3-شەخس فورمىسى، پېئىللارنىڭ بولۇشسىزلىق فورمىسى بىلەن تۈرلەنگەندە ئەدەبىي تىلدىكىدەك ئاخىرقى [l] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئالغاي | ɑ̄(l)ʁɑj | ئالغان | ɑ̄(l)ʁɑ̄(n) |
| ئالسا | ɑ̄(l)sɑ | ئاپتۇ | ɑ(li)ptu |
| ئالما- | ɑ̄(l)mɑ- | ئالسۇن | ɑ̄(l)sun |
| كەلگەي | kɛ̄(l)gij | كەلگەن | kɛ̄(l)gɛ̄(n) |
| كەلسە | kɛ̄(l)sɛ | كەپتۇ | kɛ(li)ptu |
| كەلمە- | kɛ̄(l)mɛ- | كەلسۇن | kɛ̄(l)sun |

بۇ پېئىللار قوشما پېئىللار تەركىبىدە راي فورمىسىدا كەلگەندىمۇ ئوخشاشلا [l] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ئېلىۋالغان e(li)wɑ̄(l)ʁɑ̄(n)

كۆرۈۋاپتۇ kørywɑ(li)ptu

كۆرۈپ كەپتۇ køry(p)kɛ(li)ptu

بۇ پېئىللار قوشما پېئىللار تەركىبىدىكى « -p » لىق رەۋىشداش فورمىسىدا كەلسىمۇ شۇنداق. مەسىلەن:

سېلىۋالسا se(li)wɑ̄(l)sɑ

قىلىۋالسۇن qi(li)wɑ̄(l)sun

قالغان [i] بىلەن ئاياغلاشقان -il- ئىل -، -bil- بىل -، - kyl- كۈل -، - bøl - بۆل -، - til- تىل -، قاتارلىق پېئىللاردا مۇنداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيدۇ. « -øl - ئۆل -» پېئىلى مەجبۇرىي دەرىجىگە ئىگە بولغاندا -ø̄(l)tyr شەكلىدە تۈرلىنىدۇ، [l] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ.

[h] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

قۇمۇل شېۋىسىدە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن [h] چۈشۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇش ياكى سەل پەسىيىدۇ، ياكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| me(h)mā(n) | مېھمان |
| de(h)xā(n) | دېھقان |
| kø̄(h)nɛ | كونا |
| mɛ̄(h)rɛp | مېھراب |
| nɑmɛ̄(h)rɛm | نامەھرەم |
| tø̄(h)mɛt | تۆھمەت |
| ɛ̄(h)wɑl | ئەھۋال |
| mē(h)ri - ʃɛpqɛt | مېھىر - شەپقەت |
| sø̄(h)bɛt | سۆھبەت |
| bɛ̄(h)rɑm | بەھرام (خاس ئىسىم) |
| jā(h)ja | يەھيا (خاس ئىسىم) |

قۇمۇل شېۋىسىدە سۆز ئوتتۇرىسىدا [h] بىلەن كەلگەن بوغۇم چۈشۈپ قالىدىغان سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| rɛ̄(hɛ)t, ~ wɑɓ | راھەت، راھەتباغ (جاي ئىسمى) |
| nā(hɑ)l ~ lāl | ناھال |
| mɛ̄(hɛl)lɛ | مەھەللە |
| gø(hɛ)rxā(n) ~ gøwɛrxā(n) | گۆھەرخان (كىشى ئىسمى) |
| mɛs(lih)ɛt | مەسلىھەت |

لېكىن [h] بىلەن سۆزلىرىدىكى « dzɑhā(n), bɑhɑ, bɑhɑr» تۈزۈلگەن بوغۇملار چۈشۈپ قالمايدۇ.

[w] تاۋۇشى ياكى [w] تاۋۇشى بىلەن كەلگەن بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

تۆۋەندىكى سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن [w] تاۋۇشى ياكى [w] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بوغۇملار چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| قوۋۇق، ئىشىك | qō(wu)q |
| قوۋۇرغا | qō(wu)rʁɑ |
| كۆۋرۈك | kø̄(w)ryk |
| جاۋغاي | ʤō(w)xɛj |
| سۈپۈرۈندى | sȳ(wy)ryndɛ |
| دوۋسۇن، دوۋساق | dō(w)suq |
| بوۋاق، ئۇكا | bō(wɑ)q |

③ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

g/w نۆۋەتلىشىشى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتى ئىچىدىكى بىر قىسىم شېۋىلەر، مەسىلەن، تارىم شېۋىسى (جۈملىدىن كۇچا شېۋىسى)، تۇرپان شېۋىسى، ئىلى شېۋىسى، شۇنىڭدەك ئالاھىدە شېۋە ھېسابلىنىدىغان كەلپىن شېۋىسى قاتارلىق شېۋىلەرنىڭ ھەممىسىدىلا g/w نۆۋەتلىشىشى بار. لېكىن، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە تۇرپان شېۋىسى بىلەن قۇمۇل شېۋىسىدە مۇنداق نۆۋەتلىشىش نىسبەتەن كۆپ.

ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان باشقا تەتقىقات نەتىجىلىرىدە مۇنداق نۆۋەتلىشىشنىڭ سەۋەبلىرى ياكى ئەمەلىي فونېتىكىلىق شارائىتى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىدى.

بىزنىڭ كۆزىتىشىمىزچە، قۇمۇل شېۋىسىدە g/w نۆۋەتلىشىشى كۆپىنچە ئەرەب ـ پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردە كۆرۈلمەكتە. يەنى مۇنداق سۆزلەر ئەسلى ئەرەب ـ پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى [w] تاۋۇشى [ɛ]، [ɑ]

تاۋۇشلىرىنىڭ (گەرچە بۇ [ɛ]، [a] تاۋۇشلىرى ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم سۆزلەردە باشقا سوزۇق تاۋۇشلارغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ) ئالدىدا كېلىپ بوغۇم بېشى بولغان بولسا، مۇنداق [w] تاۋۇشى[g] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| پەتىۋا (ئەرەبچە) | pɛtiga |
| ھالۋا (ئەرەبچە) | halga |
| ھاۋا (ئەرەبچە) | hoga |

(لېكىن، خاس ئىسىملاردا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ھاۋاگۇل (hawagyl)

| | |
|---|---|
| زاۋال (ئەرەبچە) | zogal |
| جاۋاب (ئەرەبچە) | dzagap |
| تاۋاپ (ئەرەبچە) | tagap |
| ساۋاب (ئەرەبچە) | sagap |
| ھايۋان (ئەرەبچە) | hajgan |
| ۋاجىت (كىشى ئىسمى، ئەرەبچە) | gadzit |
| ۋاھىت (ئەرەبچە) | gajit |
| ۋاسىل (كىشى ئىسمى، ئەرەبچە) | gasil |
| ۋايىز (كىشى ئىسمى، ئەرەبچە) | gajiz |
| قېنىق سېرىق رەڭ ؟ | halgaji |
| دىۋانە (پارسچە) | diganɛ |
| زەدىۋال (پارسچە) | zɛdigal |
| جۇگان، جۇۋان (پارسچە) | dzugan |
| گۇۋاھ (پارسچە) | gaga |
| ھاندۇۋا (پارسچە) | handurga |
| ھاۋانچا (پارسچە) | hogã(n)tʃa |
| جانىۋار (پارسچە) | dzenigar |

| | |
|---|---|
| gaŋ | ۋالڭ (خەنزۇچە) |
| raga | راۋا، ئىجاۋەت (پارسچە) |
| gado | ۋادو (خەنزۇچە) |
| taraga | تەرەۋى (ئەرەبچە) |
| pɛrganɛ | پەرۋانە (پارسچە) |
| jugaʃ | ياۋاش (پارسچە) |
| tagar | تاۋار |
| suga - | سۇۋىماق |
| △ tam sugudum | تام سۇۋىدىم |
| uga ئۇۋا > ɪa | ق. ئو. |

(قارالڭ: م. «قەشقەرى، تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 86-بەت.)

[ɛ] بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملاردا:

| | |
|---|---|
| bɛrɛq | ۋاراق (ئەرەبچە) |
| gɛx | ۋاقىت (ئەرەبچە) |
| gɛxliq | ۋاقىتلىق |
| ɛgɛl~agal | ئاۋۋال (ئەرەبچە) |
| gɛxwɛ | ۋەخپە (ئەرەبچە) |
| gɛdɛ | ۋەدە (ئەرەبچە) |
| tapagɛt | تاپاۋەت (ئەرەبچە) |
| gøsijɛt | ۋەسىيەت (ئەرەبچە) |
| gøzyr | ۋەزىر (ئەرەبچە) |
| gupa | ۋاپا (ئەرەبچە) |
| gysɛ | ۋاسا؟ |
| døgɛ | دىۋە (پارسچە) |
| møgɛ | مىۋە (پارسچە) |

| | |
|---|---|
| ئېۋەن، كەمچىلىك | øgɛ̃(n) |
| رەۋەن (پارسچە) | røgɛ̃(n) |
| جاۋاڭ (هارۋا جابدۇقى)، (خەنزۇچە) | ʣagɛ̃(n) |

تۆۋەندىكى سۆزلەر ئەسلىدە [b] ياكى [p] تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەنلىكتىن، گەرچە كېيىن بۇ تاۋۇشلار [w] بىلەن نۆۋەتلەشكەن بولسىمۇ، ئۇلارنى [g] بىلەن نۆۋەتلەشتۈرمەي [w] بىلەن، ئاز بىر قىسمىنى [j] بىلەن تەلەپپۇز قىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| تەلۋە، ساراڭ (پارسچە) | tɛ̄lwɛ |
| ساۋىماق (ئۇيغۇرچە) | sawa- |

△ sawap salidiɓā(n) tursa

| | |
|---|---|
| توۋا (ئەرەبچە) | tøwɛ |
| جۇۋا (ئەرەبچە) | ʣuwa |
| چاۋاك (پارسچە) | ʧawak |
| تاۋلىماق (پارسچە+ئۇيغۇرچە) | tawla- |
| چاۋات (پارسچە) | ʧowat |
| چىۋىق (پارسچە) | ʧujuq |

تۆۋەندىكى سۆزلەر تەقلىد سۆز ياكى ئۈندەش سۆزلەر بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى [w] تاۋۇشىنى [g] بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈش ئادەت ئەمەس. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| قارا هەرىنىڭ ئۇچقاندا چىقارغان تاۋۇشى | waŋ-wuŋ |
| ۋىچىرلىماق | ʣiwirla - |

△ quʃqaʃ ʣiwirlajdu. قۇشقاچ ۋىچىرلايدۇ.

| | |
|---|---|
| ۋاي-ۋۇي (ئۈندەش سۆز) | waj-waj |

تۆۋەندىكى سۆزلەردە [w] تاۋۇشىنىڭ نىمىشقا [g] بىلەن نۆۋەتلەشمىگەنلىكى ياكى [j] بىلەن نۆۋەتلەشكەنلىكى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بۇ فونېتىكىلىق هادىسىنىڭ ئېنىق بىر فونېتىكىلىق

شارائىتتا ئاساسلانمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. مەسىلەن:

چۈۋۈماق (ئۈيغۇرچە) tʃujla-

جوۋۇماق dzowa -

جوۋاپتىلا △dzowaptila

ياۋا jawa

ئەلۋەك، مول ɛlwɛk

كاۋاك quwaq

دۆۋىلىمەك dowla-

ئالۋان alwaŋ

r/r نۆۋەتلىشىشى

قۇمۇل شېۋىسىدە ھەرقانداق فونېتىكىلىق شارائىتتا ئەدەبىي تىلدىكى تىل ئۇچى تىترەڭگۈ ئۈزۈك تاۋۇش [r] ئورنىغا تىل ئۇچى قايرىلما ئۈزۈك تاۋۇش [r] قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۈزۈك تاۋۇش ئەگەر [i] تاۋۇشى بىلەن بوغۇم ھاسىل قىلسا [i] تاۋۇشىنىڭ تىل ئوتتۇرا سەل پەس ۋارىيانتىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

سىر sir

بىر bir

قىر qir

كىرمەك kir -

شىر ʃir

z/j نۆۋەتلىشىشى

قۇمۇل شېۋىسىدە سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا [j] تاۋۇشىنىڭ [z] بىلەن نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى يوق. تۆۋەندىكى سۆزلەردە ئېگىز سوزۇق تاۋۇش ئالدىدىكى [j] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ئىلمان ilmã(n)

| | |
|---|---|
| ilik | يىلىك |
| ilqɑ | يىلقا |
| in, qojni ini | ئىن ، قوينىڭ ئىنى |
| it- | يىتمەك |
| △iti(p) kɛtti | يىتىپ كەتتى |
| id | ھىد، پۇراق |
| △idi kilidu | پۇرىقى كېلىدۇ |
| idi- | يىدىماق، بۇزۇلۇپ پۇراپ قالماق |
| idiq | يىدىغان، بۇزۇلۇپ پۇرىغان |
| ilwiz | يىلپىز |
| ildɑm | ئىلدام |
| ilɑ̄(n) | ئىلان |
| iltiz | يىلتىز |
| yz | يۈز ( ئەزا ) |

△ yzymdɛ jɑmiʁim, tøʃymdɛ uluʁum joq.

w/p,b نۆۋەتلىشىشى

تۆۋەندىكى سۆزلەردە [b]، [p] تاۋۇشلىرى [w] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| iwɑdɛt | ئىبادەت ( خاس ئىسىم ) |
| musijwɛt | مۇسىبەت |
| qɑwɑq | قاپاق ( ئۆسۈملۈك ) |
| qɑwɑq | قاپاق ( كۆزنىڭ قاپىقى ) |
| kiwɛk | كېپەك |
| gɛxwɛ | ۋەخپە |
| tøwɛ | تۆپە |
| △øjni tøwisi | ئۆينىڭ تۆپىسى |

ilwiz — يىلپىز

tawila- — تاپىلىماق، تاپىلاش

ʁurwɛtʃtʃilik — غۇربەتچىلىك

qawartqu — قاپارتقۇ

j/p,w

tʃujuq — چىۋىق

køjyk — كۆپۈك

t/tʃ نۆۋەتلىشىشى

مۇنداق نۆۋەتلىشىش سۆز بېشىدا، ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

tiʃ — چىش

tiʃlɛ- — چىشلىمەك، چىشلەش

tyʃ- — چۈشمەك، چۈشۈش

tyʃyrgytʃ — چۈشۈرگە (تۈگمەننىڭ چۈشۈرگىسى)

tyʃ ~ kør — چۈش، چۈش كۆرمەك

tyʃkɛr- — چۈشكۈرمەك، چۈشكۈرۈش

tuʃa- — چۈششىمەك، چۈششەش

tuʃaq — چۈششەك

dʒ/tʃ نۆۋەتلىشىشى

yndʒɛ — ئۈنچە

△yndʒɛ bøk — ئۈنچىلىك بۆك

jepindʒa — يىپىنچا

tygɛndʒɛ — تۈگەنچە

ylgyrdʒɛ — ئۈلگۈچە، توپ

△ylgyrdʒɛ satti — ئۈلگۈچە ساتتى

birindʒi — بىرىنچى (تەرتىپ سان)

ʧ/s نۆۋەتلىشىشى

تۆۋەندىكى سۆزلەردە [s] ئورنىغا [ʧ] قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| سالجا | ʧā(l)ʤa |
| بەسەي | bɛʧɛj |
| سەيپۇڭ | ʧɛjpuŋ |
| سانچىماق | ʧā(n)ʧ- |
| يىڭنە سانچىۋاپتۇ | △jiŋnɛ ʧā(n)ʧiwaptu |

j/h نۆۋەتلىشىشى

قۇمۇل شېۋىسىدە ئېگىز سوزۇق تاۋۇش [i] نىڭ ئالدىدا كەلگەن [h] تاۋۇشى [j] غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ھىمىر- ھىمىرمەك، ھىمىرىش<br>يىمىر- يىمىرمەك، يىمىرىش | jimar- |
| ھېكايە | jikajɛ |
| ھېساب | jisap |
| بىھىش | bijiʃ |
| شېھىت | ʃijit |
| ھېمىت (كىشى ئىسمى) | jimit |

b/p، w نۆۋەتلىشىشى

| | |
|---|---|
| پات-، پاتماق، پېتىش | bat- |
| ئالتە تاختىغا پاتمىسا... | △altɛ taxtiɓa batmisa |
| ۋارقىرىماق، ۋارقىراش | barqira- |

p/b

| | |
|---|---|
| بىسات | pisat |
| بوقا | puqa |

ɓ/q نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلىدىغان سۆزلەر:

| | |
|---|---|
| قۇدۇق | ɓuduq |

△basma ʁuduq　　باسما قۇدۇق

ʁada-　　قادا ـ، قادىماق، قاداش

ʁadal-　　قادال ـ، قادالماق، قادىلىش

ʁulup　　قۇلۇپ

ʁaʃa　　قاشا

ʁaz-　　قاز ـ، قازماق، قېزىش

ʁajla-　　قاي ـ، قايماق، قېيىش

قۇمۇل شېۋىسىدە سۆز ئاخىرىدا ʁ/q نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلمەيدۇ. ئەدەبىي تىلدا ئاخىرىدا [ʁ] تاۋۇشى كەلگەن تۆۋەندىكى سۆزلەر قۇمۇل شېۋىسىدە [q] بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

ulaq　　ئۇلاغ

at - ulaq　　ئات - ئۇلاغ

ulaq　　ئۇلاق

△ulaq ā(ʁ)ramtʃa　　ئۇلاق ئارغامچا

ajaq　　ئاياغ

tʃiraq　　چىراغ

daq　　داغ

ʁ/x نۆۋەتلىشىشى

ʁidzalɛt　　خىجالەت

ʁurdzun　　خۇرجۇن

ʁodza　　خوجا

④ ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى

قۇمۇل شېۋىسىدە كۆپىنچە جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلاردا ئورۇن ئالماشتۇرۇش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. بۇلار:

irwajim　　r/b ئىبراھىم (كىشى ئىسمى)

arwo(j)　　ئابرۇي

l/b قىبلە qilwɛ

l/m قاملاشماق qalmaʃ -

r/w نەۋرە nɛrwɛ

ئەۋرە ɛrwɛ

تەۋرىمەك tɛrwɛ-

ʁ/l تولغاق tō(ʁ)laq

ʁ/r ئارغامچا ā(ʁ)ramtʃa

(كېيىنكى ئىككى مىسالدا [r] ,[l] تاۋۇشلىرى بىلەن [ʁ] تاۋۇشى ئورۇن ئالماشتۇرغاندىن كېيىن بوغۇم ئاخىرى بولۇپ قالغان [ʁ] تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.)

g/l چىلگە tʃigilɛ

q/r قەبرىستانلىق، مرقد. ئە.> مارقاتلىق maqratliq <

r/w تۈۋرۈك tyrkyk< tyrgyk< tyrwyk< tywryk

p/l قالپاق qapilaq< qalpaq

⑤ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى

قۇمۇل شېۋىسىدە تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا بىر [h] تاۋۇشى كۆپىيىدۇ. مەسىلەن:

ئۆمۈر homur

ئەزىز heziz

ئەزىزلەپ hezizlap

ئەقىل heqil

ئەقىللىق heqilliq

ئەجەب hɛdzɛp

ئوسما hosma

لېكىن، «øl — ھۆل» ، «ɛlɛp — ھەلەپ» ، «ula- — ھۇۋلا-» سۆزلىرىنىڭ ئالدىدا بىر [h] تاۋۇشى قوشۇلمايدۇ.

### [ʁ],[g] تاۋۇشلىرىنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى

تۆۋەندىكى سۆزلەردە [ʁ]، [g] تاۋۇشلىرى كۆپىيىپ قالىدۇ.
مەسىلەن:

jaŋʁaq ياڭغاق

siŋgir سىڭگىر

tʃigmɛ̃(n) چىمەن < tʃymgɛn ق. ئۇ.

### ⑥ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى

قۇمۇل شېۋىسىدە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيىسى بىر قەدەر كۆپ، كۆپرەك كۆرۈلىدىغانلىرى:

z,ʃ,tʃ,t/s

assun< atsun ئاتسۇن

assa< atʃsa ئاچسا

assiz< aʃsiz ئاشسىز

jassam< jazsam يازسام

n/b,m,l,t

ombɛʃ< onbɛʃ ئونبەش (يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە)

kyllyk< kynlyk كۈنلۈك

mɛmmu< mɛnmu مەنمۇ

tøwɛtte(n) < tøwɛndin تۆۋەندىن

joqutte(n) <juqurdin يۇقىرىدىن r/d~t

kasatʃtʃiliq كاساتچىلىق t/tʃ

saɛtʃtʃi سائەتچى

ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ئاز كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ŋ/ʁ~g ئاسسىمىلياتسىيىسى

toŋŋuz توڭغۇز

goŋŋuz قوڭغۇز

| | |
|---|---|
| ʧaŋŋiz ~ ʧaŋgiz | چاڭگىز (بىر خىل دەرەخ) |

t/l

| | |
|---|---|
| tattiq | تاتلىق |

c. قۇمۇل شېۋىسىدىكى ئاھاڭداشلىق

① سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

قۇمۇل شېۋىسىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئاھاڭداشلىقى باشقا دىئالېكت ياكى شېۋە رايونلىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. لېكىن، سۆزلەرنىڭ 2-، 3-بوغۇملىرىدا [e], [ø], [o] تاۋۇشلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقى جەھەتتىن باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلەردىن پەرقلىنىدۇ. ئالايلى، سۆزلەرنىڭ 2-، 3-بوغۇملىرىدا [ø], [o] تاۋۇشلىرىنىڭ كېلىشى ئاتۇش شېۋىسى ۋە تارىم (دولان) شېۋىلىرىدە ساناقلىق بىر قانچە سۆزدىلا كۆرۈلىدۇ، لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا، تۈپ ياكى ياسالما سۆزلەردىن تارتىپ تاكى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشلىرىگىچە سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا [ø], [o] تاۋۇشلىرىنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. لېكىن، قۇمۇل شېۋىسىدە مۇنداق ئەمەس. قۇمۇل شېۋىسىدە 2-، 3-بوغۇملىرىدا [e],[ø],[o] كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇملىرى ھەممىلا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

قۇمۇل شېۋىسىدە 2-، 3-بوغۇملىرىدا [e],[ø],[o] كېلىدىغان سۆزلەرنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

a.خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر:

| | |
|---|---|
| ʧɛ̄(j)do | چەيدو |
| dozo | روناق تاپمايدىغان |
| zixo | باي |
| saxo | گومۇش |
| xoʃo | دەرھال |

b. ئاخىرقى بوغۇمى [i], [y], [u] تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ بوغۇم ئاخىرىدىكى [n] تاۋۇشى چۈشۈپ قالغانلىقتىن مەزكۇر سوزۇق تاۋۇشلار [ø]، [e]، [o]گە ئايلىنىپ كەتكەن سۆزلەر ([n] تاۋۇشىنىڭچۈشۈپ قېلىشىغا كەلتۈرۈلگەن مىساللارغا قاراڭ.)

c. 2، 3-بوغۇملىرى [ɛ],[a] تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بولسىمۇ مۇرەككەپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە مەلۇم تاۋۇشلار چۈشۈپ قېلىپ، [a] تاۋۇشى [o] غا، [ɛ] تاۋۇشى [ø] گە ئۆزگەرگەنلەر.

| | | |
|---|---|---|
| ئەدەبىي تىلدا: | بىلەي <ق. ئۆ. | bylø̄< bilɛgy |
| ئەدەبىي تىلدا: | تەمرەتكۈ <ق. ئۆ. | tømyrø< tɛmrɛgy |
| ئەدەبىي تىلدا: | پوتەي | pytø̄ |
| ئەدەبىي تىلدا: | كۆسەي <ق. ئۆ. | køsø̄<køzɛgy |
| ئەدەبىي تىلدا: | موزاي <ق. ئۆ. | bozō< buzaɓu |
| ئەدەبىي تىلدا: | توغرىغۇ | torō |
| ئەدەبىي تىلدا: | تورۋا | toro |
| ئەدەبىي تىلدا: | چۇلۇۋۇر | ʤolo |

d. يۇقىرىقى دائىرىگە كىرمەيدىغانلار:

| | |
|---|---|
| غەيرىي | ɛndo |
| ۋېنتا | ɛrgol |
| ئاچا تۇياق ماللارنىڭ تۇياق ئارىسىدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك | baʧoro ~ maʧoro |
| ئېرىمچىكنىڭ بىر خىلى | bøʧølø ~ møʧølø |
| تىلىنى چاينايپ سۆزلەيدىغان كىشى | pøʃølø |
| تۆتۆتلەپ سۆزلەيدىغان كىشى | tøtø |
| ئورۇق، ئاۋاق | qirto |

qiqo -mɑʤo ئولاش-چولاش

② سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى قۇمۇل شىۋىسىدە تەركىبىدە [g]، [k] تاۋۇشلىرى كەلگەن ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرى كۆپىنچە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكىپ قىلىپلاشقان. تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىرى ئاز. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| kørɛ | كورا |
| dɛŋgɛl | داڭگال |
| ʤɛŋgɛl | غۇژمەك - غۇژمەك |
| tʃŋɛgɛl tʃɛŋgɛl | چاڭگال |
| kɛlpyk | كالپۇك |
| tʃøkyʃ | چوكا |
| kønɛ | كونا |
| gøllɛ - | گوللىماق |
| gygyt | گۈڭگۈرت |

ھەتتا بەزى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە سۆزلەردىمۇ مۇشۇ ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| kɛj | كوي ~ يۇەن |
| ɛkɛ | ئاكا |
| tɛmkɛ | تاماكا |

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ قىلىپلاشقانلىرى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| kɑltɑ | كالتە | | |
| kɑm | كەم | | |
| kɑkkuk | كاككۇك | | |
| gumbɑt | گۈمبەز | | |
| gunɑ | گۇناھ | gunɑjim | گۇناھىم |

# III قۇمۇل شېۋىسىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

## 1. ئىسىملاردا كېلىش قوشۇمچىلىرى

① قۇمۇل شېۋىسىدە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-niŋ» ۋە «-ni» شەكلىدە ئارىلاش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| mini køzym | مېنىڭ كۆزۈم |
| sini øjyŋ | سېنىڭ ئۆيۈڭ |
| taʃni beʃi | تاشنىڭ ئۈستى (تۆپىسى) |
| ɓolni beʃida | غولنىڭ بېشىدا |

② ئەگەر جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى ئوخشاش بىر سۆزدىن بولغان بولسا، مۇنداق خەۋەر چۈشۈپ قېلىپ، شۇ خەۋەرنىڭ قاراتقۇچىسى سۈپىتىدە ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆز «-niŋ» بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| bu øj miniŋ (øjym) | بۇ ئۆي مېنىڭ ئۆيۈم |
| dewu turɓā(n) ō(ɓ)laq siniŋ (ō(ɓ)luɓuŋ) | ئاۋۇ تۇرغان ئوغلاق سېنىڭ ئوغلىقىڭ |

③ شۇنىڭدەك ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن سۆزدىن كېيىن yʧø(n) ، minɛ̄(n) ~ wilɛ̄(n) قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەر كەلسىمۇ، ئىگىلىك كېلىش «-niŋ» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| miniŋ wilɛ̄(n) ~ minɛ̄(n) baramsɛ̄(n)? | مېنىڭ بىلەن بارامسەن؟ |

سىنىڭ ئۈچۈن — siniŋ ytʃø(n)

④ ئەگەر ئىگىلىك كېلىش خەۋەر ئورنىدا كېلىپ ئۆتنىڭ كەينىدىن يەنە «-ki» قوشۇمچىسى قوشۇلىدىغان بولسا، كېلىش فورمىسى «-ni» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئۆي بىزنىڭكى — bu øj bizniki

⑤ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى سۆزلەردىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارغا ماس ھالدا «nuŋ -، nyŋ -» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ.

ئىگىلىك كېلىش فورمىسىنىڭ مۇنداق ئارىلاش قوللىنىلىشى توغرىسىدا ئىككى خىل مۆلچەر بار. بىرى يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك سۆز ياكى قوشۇمچىلار ئاخىرىدىكى [n] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىدەك، سۆز ئاخىرىدىكى [ŋ] نىڭمۇ چۈشۈپ قالغانلىقى بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىرى خوددى لوپنۇر دىئالېكتى، مورتۇق شېۋىسى، پاخپۇ شېۋىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا كۆرۈلگىنىدەك بىر قەدەمكى ئارىلاشما ھالەت بولۇپ، بۇ فونېتىكىلىق ھادىسە ھازىرقى قومۇل شېۋىسىدە سارقىندى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. «-niŋ» ئورنىغا «-ni» قوللىنىشنىڭ شەرتلىرى ئېنىق بولمىغىنىغا قاراپ، بىز كېيىنكى مۆلچەرنى مۇۋاپىقمىكىن، دەپ قارايمىز.

چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «-din» بولۇپ، يۇقىرىدىكى قائىدە بويىچە [n] چۈشۈپ قالغاچقا -de(n) تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

نېرناسىدىن كەلدىم. — △nernaside(n) kɛldim

ئۆيدىن تالاغا چىقتىم. — △øjde(n) talaba tʃixtim

بۇلاردىن باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش.

a ~ u، sɛ̄(n)، mɛ̄(n) قاتارلىق شەخس ئالماشلىرى يۆنىلىش

كېلىش بىلەن تۈرلەنسە « maŋʁa — ماڭا، saŋʁa — ساڭا، aŋʁa —
ئۇنىڭغا» شەكلىدە بولىدۇ.

△ aŋʁa tʃetʃilʁā(n), muŋʁa tʃetʃilʁā(n)...

ئۇياققا چېچىلغان، بۇياققا چېچىلغان.

## 2. ئىسىملاردا تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى

ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. پەقەت 2-شەخس ھۆرمەت تۈرىنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكىدە ئازراق پەرق قىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| øzlɛ̄(r)niŋ kitapliri | ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرى (بىرلىك) |
| øzliriniŋ ~ øz(l)iriniŋ kitapliri | ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرى (بىرلىك) |
| øzlɛ̄(r)lɛ̄rniŋ kitaplirilɛ̄(r) | ھەر بىرلىرىنىڭ كىتابلىرى (كۆپلۈك) |

## 3. سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

① سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى - ɛrɛk, - araq // - raq, - rɛk قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

| | |
|---|---|
| kɛryrɛk | جىقراق، كەڭرەك |
| tō(ʁ)raraq | توغرىراق |
| susaraq | سۇسراق |
| kitʃigɛrɛk | كىچىكرەك |
| qaramturaraq | قارامتۇلراق |
| itligɛrɛk | ئىتتىكرەك |
| mā(ʁ)durluʁaraq | ماغدۇرلۇقراق |

سېخىيراق sexijɛrɛk

② سۆپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسى ئاشۇرۇش رەۋىشلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندىن باشقا، سۆپەتلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى ئاخىرىغا [p] قوشۇپ تەكرارلاش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن [j] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆپەتلەردە [p] ئورنىغا [w] قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| jawjeʃil | ياپيېشىل |
| jewjinik | يېپيېنىك |
| jawjalaŋ | ياپيالاڭ |
| jawjaʃ | ياپياش |
| jowjoruq | يوپيورۇق |
| jowjoɓɑ̄(n) | يوپيوغان |
| juwjumulaq | يۇپيۇمىلاق |
| jewjessi | يېپيېسسى |

③ بۇلاردىن باشقا بەزى سۆپەتلەرنىڭ مەلۇم ئۈزۈك تاۋۇشىنى تەكرارلاش (ياكى سوزۇپ ئېيتىش) بىلەنمۇ سۆپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسى ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| jeqe(n) | يېقىن | jeqqe(n) | ناھايىتى يېقىن |
| igiz | ئېگىز | iggez | ناھايىتى ئېگىز |

## 4. ئالماشلاردىكى ئالاھىدىلىكلەر

كىشىلىك ئالماشلىرىدىن ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن siz، sɛ̄(n) قوللىنىلغاندىن باشقا، ھۆرمەت تۈرى ئۈچۈن øzlɛ̄(r) ياكى øz(l)iri ~ øzliri ، كۆپلۈكتە øzlɛ̄(r)lɛ̄(r) ياكى øz(l)ir(i) ~ øzllirilɛ̄(r) lɛ̄(r) قوللىنىلىدۇ.

øz(l)ir(i)lɛ̄(r)

øzlirilɛ̄(r)

كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىن u، bu، ʃu لار بىلەن بىرلىكتە y، by، ʃy، e، de قاتارلىقلار قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ewu | ئاۋۇ |
| dewu | ئاۋۇ |
| denɛ ~ deginɛ | ئەنە |
| debyt | ئاۋۇ، ئەۋۇ |
| deʃu | ئاشۇ |
| deyt | ئۇ يەر |
| deʃyt | ئاشۇ يەر |
| byt | بۇياق، بۇ يەر |
| △bytniŋki syji | بۇياقنىڭ سۈيى |
| byttɛ ~ pyttɛ | بۇ يەردە |
| bytkɛ ~ pytkɛ | بۇ ياققا |
| byttø(n) | بۇ ياقتىن |
| byjzi < bujyzi | بۇياق، بۇ تەرەپ |
| buɓunut | بۇ يەر، بۇياق |
| ʃyt | شۇ ياق، شۇ يەر |
| ʃyjzi < ʃujyzi | ئاشۇ تەرەپ |
| yt | ئۇ ياق، ئۇ تەرەپ |
| ytkɛ | ئۇ ياققا |
| yttɛ | ئۇ ياقتا |
| deʃyttɛ | ئاۋۇ ياقتا |

ئوخشىتىش ئالماشلىرىدىن ئالاھىدىلىرى:

| | |
|---|---|
| ʃunɑq | شۇنداق |
| ɑnɑq | ئانداق |
| monɑq | مۇنداق |

| | |
|---|---|
| ئاشۇنداق | enaq ~ eʃnaq |
| ئاشۇنداق | deʃnaq |
| ئاشۇنداق | dewnaq |
| مۇشۇنداق | maʃnaq |
| مۇشۇنداق | majnaq |
| مۇشۇنداق | maʃtaq |

ئەگەر «ʃunaq» ئالمىشى ئاشۇرۇش رەۋىشى ئورنىدا كەلسە «ʃunnaq» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

شۇنداق چىرايلىق ʃunnaq tʃirajliq

سوراق ئالماشلىرىدىن ئالاھىدىلىرى:

| | |
|---|---|
| قانداق | qajnaq ~ qanaq |
| قاچان | qatʃā(n) |
| نەدە | nɛttɛ |
| قەيەردە | qɛttɛ |
| قەيەرگە | qɛtkɛ |

سوراق ئالماشلىرىدىن nimɛ، nɛ، kim قاتارلىقلار كۆپىنچە dur>do قوشۇمچىسى بىلەن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| قەيەر، نە؟ | nɛdo |
| كىم؟ | kimdo |
| نىمە؟ | nimido |
| قاياقتا؟ | qɛjyzdido? |
| نە؟ قەيەر؟ | nɛtto |
| قايسى؟ | qɛsido |

«nemɛ، kim» ئالماشلىرى «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» تىمۇ ئاخىرىغا «du» قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلەنگەن. قا: بە. ت: II توم، 2566-بەت «كيمدۇ»، 2577-بەت «نيمدۇ».

## 5. پېئىل ئۆزەكلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر

قۇمۇل شېۋىسىدە پېئىللارنىڭ تۇسلۇق ئۆزەكلىرىدە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلىدۇ.

①. ئىمكانىيەت تۇسلۇق ئۆزەك a - ، ε - // j - لىق رەۋىشداشلارغا «al-» پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالسىمۇ، لېكىن رەۋىشداشنىڭ بۇ قوشۇمچىلىرى تامامەن چۈشۈپ قالىدۇ، باشقا شېۋىلەردىكىدەك «al-» پېئىلىنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى بويىچە «εl-» گە ئايلىنىشى يوق. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بىلەلمەيمەن | bilā(l)majmε̄(n) |
| كۆتۈرەلمەيمەن | køtyrā(l)majmε̄(n) |
| يېتىشەلمىگەن | jitiʃā(l)mibā(n) |
| ئاتالمىدۇق | atā(l)miduq |
| دېيەلمەيمەن | dāmajmε̄(n)<dεjalmajmεn |

② ئىنچىل تۇسلۇق ئۆزەك شەكلى پېئىللارنىڭ p-لىق رەۋىشداش شەكلىگە jat- پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالسىمۇ، لېكىن جانلىق تەلەپپۇزدا مۇرەككەپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن ئەدەبىي تىل بىلەن خېلىلا پەرقلىق تۈس ئالغان، يەنى بۇ ئۆزەكتە رەۋىشداشنىڭ [p] تاۋۇشى، jat- پېئىلىدىكى [a] تاۋۇشى ۋە بۇ پېئىلنى رەۋىشداشقا ئۇلايدىغان «a-» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن «ojla- - ئويلا-» پېئىلنى ئالساق، ئۇنىڭ ئىنچىل تۇسلۇق ئۆزەك شەكلى «ojla(p)j(a)t(a)» بولىدۇ، «kør- - كۆر-» پېئىلىنىڭ ئىنچىل تۇسلۇق ئۆزەك شەكلى «køry(p)j(a)t(a)» بولىدۇ.

بۇ ئۆزەكتىن ئىنچىل ھازىرقى زامان پېئىلى ياسالسا، ئۇنىڭ

بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكلى، سوراق شەكلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

بولۇشلۇق شەكلى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ojla- | | | ئويلا- |
| ojlajttimɛ̄(n) | ئويلاۋاتىمەن | ojlajttimiz | ئويلاۋاتىمىز |
| ojlajttisɛ̄(n) | ئويلاۋاتىسەن | ojlajttisilɛ̄(r) | ئويلاۋاتىسىلەر |
| ojlajttisiz | ئويلاۋاتىسىز | | |
| ojlajttila | ئويلاۋاتىدىلا | | |
| ojlajttu | ئويلاۋاتىدۇ | ojlajttu | ئويلاۋاتىدۇ |
| iʃlɛ - | | | ئىشلە- |
| iʃlijttimɛ̄(n) | ئىشلەۋاتىمەن | iʃlijttimiz | ئىشلەۋاتىمىز |
| iʃlijttisɛ̄(n) | ئىشلەۋاتىسەن | iʃlijttisilɛ̄(r) | ئىشلەۋاتىسىلەر |
| iʃlijttisiz | ئىشلەۋاتىسىز | | |
| iʃlijttila | ئىشلەۋاتىدىلا | | |
| iʃlijttu | ئىشلەۋاتىدۇ | iʃlijttu | ئىشلەۋاتىدۇ |
| kør- | | | كۆر- |
| kørryjttimɛ̄(n) | كۆرۈۋاتىمەن | kørryjttimiz | كۆرۈۋاتىمىز |
| kørryjttisɛ̄(n) | كۆرۈۋاتىسەن | kørryjttisilɛ̄(r) | كۆرۈۋاتىسىلەر |
| kørryjttisiz | كۆرۈۋاتىسىز | | |
| kørryjttila | كۆرۈۋاتىدىلا | | |
| kørryjttu | كۆرۈۋاتىدۇ | kørryjttu | كۆرۈۋاتىدۇ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| jul- | | | يۇل - |
| julujttimɛ̄(n) | يۇلۇۋاتىمەن | julujttimiz | يۇلۇۋاتىمىز |
| julujttisɛ̄(n) | يۇلۇۋاتىسەن | julujttisilɛ̄(r) | يۇلۇۋاتىسىلەر |
| julujttisiz | يۇلۇۋاتىسىز | | |
| juluttila | يۇلۇۋاتىدىلا | | |
| julujttu | يۇلۇۋاتىدۇ | julujttu | يۇلۇۋاتىدۇ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| jɛ- | | | يە- |
| jijttimɛ̄(n) | يەۋاتىمەن | jijttimiz | يەۋاتىمىز |
| jijttisɛ̄(n) | يەۋاتىسەن | jijttisilɛ̄(r) | يەۋاتىسىلەر |
| jijttisiz | يەۋاتىسىز | | |
| jijttila | يەۋاتىدىلا | | |
| jijttu | يەۋاتىدۇ | jijttu | يەۋاتىدۇ |

بولۇشسىز شەكلى

ئىزچىل ھازىرقى زامان پېئىلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى پەقەت يىلتىزغا (ئۆزەككە ئەمەس) « -mij ، -maj » قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ، رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ياسالغاندىن كېيىن، ئۆزەك ياسىغۇچى «jat-» ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| jimijttimɛ̄(n) | يېمەيۋاتىمەن |
| dimijttimɛ̄(n) | دېمەيۋاتىمەن |

saımajttisɛ̃(n)  ساتمايۋاتسەن

kø̄(r)mijttu  كۆرمەيۋاتىدۇ

atʃā(l)majttu  ئاچالمايۋاتىدۇ

kørynmijttu  كۆرۈنمەيۋاتىدۇ

سوراق شەكلى

ئىزچىل هازىرقى زامان پېئىلىنىڭ سوراق شەكلى ئۆزەك ياسىغۇچى jat- پېئىلىدىن كېيىن سوراق قوشۇمچىسى « -ɛm // -am » قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

iʃlijttammɛ̃(n) ~ iʃlijttamdimɛ̃(n)  ئىشلەۋاتامدىمەن

køryjttammɛ̃(n) ~ køryjttamdimɛ̃(n)  كۆرۈۋاتامدىمەن

iʃlimijttammɛ̃(n) ~ iʃlimijttamdimɛ̃(n)  ئىشلىمەيۋاتامدىمەن

kø̄(r)mijttammɛ̃(n) ~ kø̄(r)mijttamdimɛ̃(n)  كۆرمەيۋاتامدىمەن

ā(l)majttammɛ̃(n) ~ ā(l)majttamdimɛ̃(n)  ئالمايۋاتامدىمەن

ئەگەر مۇنداق ئىزچىل تۇسلۇك ئۆزەك al-، sal-، qal-، bol-، qil-، kɛl- قاتارلىق [l] بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللاردا هاسىل بولسا، ئۇ چاغدا [l] نىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئارقىلىق تېخىمۇ ئىخچام تۇسكە كىرىدۇ. مەسىلەن:

e(l)jttu  ئېلىۋاتىدۇ

se(l)jttu  سېلىۋاتىدۇ

qe(l)jttu  قېلىۋاتىدۇ

ki(l)jttu ~ ke(l)jttu  كېلىۋاتىدۇ

qi(l)jttu  قىلىۋاتىدۇ

bu(l)jttu  بولۇۋاتىدۇ

qi(l)jttammɛ̃(n) ~ qi(l)jttamdimɛ̃(n)  قىلىۋاتامدىمەن

qi(l)jttamla  قىلىۋاتامدىلا

qi(l)jttiʃamla  قىلىشىۋاتامدىلا

| | |
|---|---|
| qi(l)jttamdu | قىلىۋاتامدۇ |

ئەدەبىي تىل تەسىرىگە يولۇققانلاردا بۇ ئۆزەك ۋە ئىزچىل هازىرقى زامان پېئىلى ئەدەبىي تىلدىكىدەك ياسىلىدۇ.

③ چەكلىمىسىز تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى a- ، ε- // j- لىق رەۋىشداشلارغا «bεr-» پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. تەلەپپۇزدا بۇ پېئىلىنىڭ ئاخىرقى[r] تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، [b] تاۋۇشى [w] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

بۇ پېئىل چەكلىمىسىز تۇسلۇك ئۆزەك مەنىسىنى ئىپادىلىگەندە «bεr-» دىن ئالدىن بىر «li» بوغۇمى (نىمىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا هازىرچە ئىزدىنىپ كۆرۈلمىدى ) كۆپىيىدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| salaliwε̄(r)gε̄(n) | سالىۋەرگەن |
| apiraliweridu | ئاپىرىۋېرىدۇ |
| kitεliwiridu | كېتىۋېرىدۇ |
| qojaliwε̄(r)mεmdu? | قويىۋەرمەمدۇ؟ |

ئەگەر «li» بوغۇمى قوشۇلمىسا، هەرىكەتنىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرۈپ، ئەدەبىي تىلدىكى «εt- ~ at-» پېئىلىنىڭ بىلدۈرگەن مەنىسىگە يېقىن بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| qilawε̄(r)slεki | قىلىۋەتسىلىچۇ |
| tygytε̄wε̄(r)sεm | تۈگىتىۋەتسەم |
| qopurāwε̄(r)gε̄(n) | قومۇرۇۋەتكەن |
| maŋdurāwε̄(r)sεm | ماڭدۇرۇۋەتسەم |
| satāwirijniŋ | سېتىۋېتەيلى |
| basāwε̄(r)sε | بېسىۋەتسە |
| ʧiqirāwε̄(r)di | چىقىرىۋەتتى |

△ bā(r)ɓusiz qilāwɛ̄(r)di. بارغۇسىز قىلىۋەتتى.

△altindʑi aj bō(l)ɓanda qojāwiridu.

ئالتىنچى ئاي بولغاندا قويۇۋېتىدۇ.

بۇلاردىن باشقا baq- ، sal- ، taʃla- ، qal- ، kɛt- قاتارلىق پېئىللارمۇ تۇسلۇك ئۆزەكلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن، jɛ̄(p)paxsiliriki ، urup taʃla ، eqip kɛtti ، eɓirlap qaldi dɛp saldim دېگەنلەردىكىدەك. لېكىن، بۇلار تېخى سىنتېتىك فورمىغا ئايلانمىغانلىقى ئۈچۈن ئايرىم توختالمىدۇق.

## 6. پېئىل رايلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر

① ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ئادەتتىكى ئۆتكەن زامان پېئىلى بىرىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن يىلتىز ياكى ئۆزەككە -tuq ، -duq قوشۇلىدۇ، ئالدى تۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن يىلتىز ياكى ئۆزەككە -tyk ، -dyk قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| tepiʃi(p) qalduq | تېپىشىپ قالدۇق |
| joqajniɓa øttyk | يوقىرىغا ئۆتتۇق |
| bildyk | بىلدۇق |
| kɛttyk | كەتتۇق |
| jidyk | يېدۇق |
| øtkɛrdyk | ئۆتكۈزدۇق |

② ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ئادەتتىكى ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك فورمىسى ئۈچۈن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن يىلتىز ياكى ئۆزەككە -diŋlɛ̄(r) ، -tiŋlɛ̄(r) قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن:

تۆلىدىڭلار — tølidiŋlɛ̄(r)

كەتتىڭلار — kɛttiŋlɛ̄(r)

③ ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس ھۆرمەت تۈرىنىڭ سوراق شەكلىدە ھۆرمەت تۈرى قوشۇمچىسى -la(r)، -lɛ̄(r) دىكى [a] ، [ɛ] تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

ئامان كەلدىلىمۇ؟ — amā(n) kɛllɛ̄mu?

سالامەت قوندىلىمۇ؟ — salamɛt qollāmu?

ئۈياقتا باردىلىمۇ؟ — ytkɛ bā(r)lāmu?

④ ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ھازىرقى زامان خەۋەر پېئىلى (a شەكلى) نىڭ بولۇشسىز فورمىسى «-mij» رەۋىشدىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

دىمەيمەن — dimijmɛ̄(n) ~ dimijdimɛ̄(n)

كىرمەيدۇ — kirmijdu

كەلمەيسەن — kɛ̄(l)mijsɛ̄(n)

⑤ ۋاستىسىز بايان رايىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر پېئىلى (a شەكلى) نىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈك سوراق شەكلى يىلتىزدىن كېيىن -m // -am ، -ɛm قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، تۆمۈرتىدە:

دەمدىمەن — dɛmmɛ̄(n)   چۈشەمدىمەن — tʃyʃɛmmɛ̄(m)

ئالامدىمىز — alammiz   كۆچەمدىمىزكى — køtʃɛmmizki

قورۇمامدىمىز — qorumammiz

توشۇدا:

بارامدىمىز — baramdimiz ~ barammiz

بارمامدىمىز — bā(r)mamdimiz ~ barammiz

| | |
|---|---|
| tʃyʃɛmdimiz ~ tʃyʃɛmmiz | چۈشەمدىمىز |

⑥ ۋاستىسىز بايان رايىدىكى پۈتمىگەن زامان خەۋەر پېئىلى (شەكلى b) -r // -ar ، -ɛr - قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ، [r] ، [l] بىلەن ئاياغلاشقان يىلتىزلاردا كۆپىنچە -ur ، -yr قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| qilur | | | قىلار |
| kilyr ~ kilɛr | | | كېلەر |
| alur | | | ئالار |
| qalur | | | قالار |
| tʃalur | | | چالار |
| salur | | | سالار |
| bilyr | بىلەر | bilyrmiz | بىلەرمىز |
| bolur | | | بولار |
| tʃiqur | | | چىقار |
| biryr ~ birɛr | | | بېرەر |
| turur | | | تۇرار |
| orur | | | ئورار |
| terur | | | تېرەر |
| barur | | | بارار |
| tapur | | | تاپار |
| jɛr | | | يەر |
| kirɛr | | | كىرەر |
| kilɛ̄(r)jili | | | كېلەر يىلى |

△bygø(n) kitɛ̄(r) qar — قار بۈگۈن كېتەر

△hoga monaxla wō(l)sa, ot jɛp tojupmu qalur.

ھاۋا مۇشۇنداقلا بولسا، (ماللار) ئوت يەپ، تويۇپمۇ قالار.

△uni ā(l)ʁili bolurmu?　　ئۇنى ئالغىلى بولارمۇ؟
△bazā(r) ojnarduq　　بازار ئوينار ئىدۇق.
△bolur -bō(l)mas iʃ　　بولار - بولماس ئىش.

ئەگەر «jɛ- ، dɛ-» پېئىللىرى ئىمكانىيەت تۇسلۇك ئۆزەك ئارقىلىق مۇشۇ راي بىلەن تۈرلەنسە، تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

jaluʁ　　يېيەلەيدۇ
daluʁ　　دېيەلەيدۇ

⑦ بۇيرۇق - تەلەپ رايى بىرىنچى شەخس بىرلىكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن يىلتىزغا ياكى ئۆزەككە ij - قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ، ئاخىرى [ɛ] بىلەن ئاياغلاشقان يىلتىزلاردا مەزكۇر [ɛ] تاۋۇشى [i] غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| itʃ - | ئىچ - | itʃij | ئىچەي |
| kør - | كۆر - | kørij | كۆرەي |
| kɛl - | كەل - | kilij | كېلەي |
| syz - | سۈز - | syzij | سۈزەي |
| iʃlɛ - | ئىشلە - | iʃlij | ئىشلەي |
| jɛ - | يە - | jij | يەي |

بۇ ھادىسە ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتىدىمۇ بار.

⑧ بۇيرۇق - تەلەپ رايى ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك فورمىسى ئوچۇق تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق يىلتىز ياكى ئۆزەككە -ŋlɛ̄(r) ، -iŋlɛ̄(r) ، -yŋlɛ̄(r) قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

iʃlɛŋlɛ̄(r)　　ئىشلەڭلار
itʃiŋlɛ̄(r)　　ئىچىڭلار
køryŋlɛ̄(r)　　كۆرۈڭلار

⑨ بۇيرۇق - تەلەپ رايىنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق يىلتىز ياكى ئۆزەككە

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق - ajniŋ, - jniŋ // - ajni, - jni ئۆزەكلەرگە -jniŋ، -jni بىلەن بىللە -ijniŋ، -ijni قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| كۆرۈپ باقايلى | kør(yp)paqajniŋ |
| ماڭايلى | maŋajniŋ |
| سىم تارتىپ قويايلى | sim tā(r)tip qojajni |
| قىلايلى | qilajniŋ |
| ئىچەيلى | itʃijniŋ ~ itʃijni |
| ئىشلەيلى | iʃlijniŋ ~ iʃlijni |
| يەيلى | jijniŋ ~ jijni |
| ئاچىقىپ كېتەيلى | ɛtʃikitijni |
| سولايلى | solajniŋ |

⑩ خالاش رايى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق يىلتىزلارغا -ʁaj، -qaj قوشۇلۇش بىلەن، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق يىلتىزلارغا - gij ، -kij، قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئىچكەي | iʃkij |
| كەلگەي | kē(l)gij |
| ئىشلىگەي | iʃligij |
| كەتكەي | kɛtkij |

## 7. پېئىل دەرىجىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر

قومۇل شېۋىسى ئەدەبىي تىل ۋە باشقا شېۋىلەر بىلەن پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى جەھەتتىن تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا پەرقلىنىدۇ.

① [t] بىلەن ياكى «rt» بىلەن ئاياغلاشقان تۆۋەندىكى

پېئىللارغا tur-، tyr- قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| tart- | تارت- | tarttur- | تارتقۇز- |

△ unni tartturdum

| | | | |
|---|---|---|---|
| ɛt- | ئەت- | ɛttyr- | ئەتكۈز- |
| art- | ئارت- | arttur- | ئارتقۇز- |

△ jyk artquzdum

| | | | |
|---|---|---|---|
| ert- | ئەرت- | erttyr- | ئەرتكۈز- |

[t] ② بىلەن ئاياغلاشقان تۆۋەندىكى پېئىللارغا kyr- قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| jɛt- | يەت - | jɛtkyramisima | يەتكۈزەلمىسىمۇ |
| pyt- | پۈت - | pytkyridiɓā(n) | پۈتكۈزىدىغان |
| øt- | ئۆت - | øtkyryp | ئۆتكۈزۈپ |

③ dɛ-، jɛ-، ju- پېئىللىرىغا dyr-، dur- قوشۇلىدۇ.

| | |
|---|---|
| didyr- ～ dydyr- | دېگۈز- |
| jidyr- | يېگۈز- |
| judur- | يۇغۇز- |

④ qorq-، aq-، tur- پېئىللىرىغا iz-، ɓuz- (? qiz-) quz قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| qo(rq)quz- | قورقۇتماق |
| turɓuz- | تۇرغۇزماق |
| aq(q)iz- | ئاقتۇزماق |

[r] ⑤ بىلەن ئاياغلاشقان تۆۋەندىكى پېئىللارغا dyr-، dur- قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| urdur- | ئۇرغۇز - |
| kɛ̄(r)dyr- | كەرگۈز - |
| bā(r)dur- | بارغۇز - |

بەرگۈز - bɛ̄(r)dyr-

ئورغۇز - ordur-

⑥ -kij، -kir پېئىللىرىغا -gyr، بەزىدە -gyz قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

كىيدۈر- kygyz – // kigyr –     كەي - kij-

كىرگۈز- ki(r)gyr-     كىر- kir-

⑦ - toʃ پېئىلىغا -qur قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

سۇنىتولدۇر- suni toʃqur-

⑧ [tʃ]، [ʃ] بىلەن ئاياغلاشقان -itʃ، -qatʃ-، -tyʃ قاتارلىق پېئىللارغا -yr، -ur (بەزىدە -ɛr) قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قاچۇر- qatʃur -

چۈشۈر- tyʃyr - ~ tyʃɛr -

ئىچكۈز- itʃyr -~ ytʃɛr -

⑨ [l]، [n]، [ŋ]، [z]، [ʃ]، [s]، [q]، [j] بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا ئەدەبىي تىلدىكىدەك -dur، -tur // -dyr، -tyr قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ.

⑩ سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا ئەدەبىي تىلدىكىدەك «-t» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ.

ئىشلەت - iʃlɛt-     ئىشلە - iʃlɛ-

## 8. رەۋىشداشلاردىكى ئالاھىدىلىكلەر

① a، ɛ- // -j لىق رەۋىشداشلاردا بەزىدە ئارىلاش قوللىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، يەنى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىلتىزلارغا -a، -ɛ قوشۇمچىلىرى بىلەن تەڭ -aj، -ij قوشۇلۇپمۇ رەۋىشداش ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

△qaraj - qaraj maŋdim, tepil(ip) qalā(r)mike(n) dɛp
قاراپ-قاراپ ماڭدىم، تېپىلىپ قالامدىكىن، دەپ.

△baqaj - baqaj ʧiqiptikɛnduq
(مالLارنى) باقا - باقا چىقىپتىكەن.

△ō(l)tura - ō(l)tura ʧixtim
(ئۈيەرگە) ئولتۇرا - ئولتۇرا چىقتىم.

② بولۇشسىزلىق فورمىسىدىكى رەۋىشداشلار تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق يىلتىز ياكى ئۆزەكلەردە، بولۇشسىزلىق فورمىسى -mɛ دىكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىششى نەتىجىسىدە -mij شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| yzdyrmij | ئۈزدۈرمەي، ئۈزدۈرمەستىن |
| kɛ̄(l)mij | كەلمەي، كەلمەستىن |

بۇ ئۇقتىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتىدىكىگە ئوخشاش.

③ p - لىق رەۋىشداش بىلەن تۇرلىنىپ، ئارقىسىدىن تۇسلۇك مەنە بەرگۈچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كەلگەن پېئىللاردا مەزكۇر -p ياكى -p بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن بوغۇم تامامەن چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| tillɛ̄(p) kɛtti | تىللاپ كەتتى |
| jen(ip) kɛ̄(l)sɛ | يېنىپ كەلسە... |
| kiti(p) qalidu ~ kit(ip)' qalidu | كېتىپ قالىدۇ |
| dɛ(p) qojdum | دەپ قويدۇم |
| biri(p) qoj | بېرىپ قوي |
| ɛʧyʃ(yp) pirimɛ̄(n) | ئەچۈشۈپ بېرىمەن |

ئەگەر p-لىق رەۋىشداشتىن كېيىن تۇسلۇك مەنە بەرگۈچى -al پېئىلى كەلسە، رەۋىشداشتىكى [p] تاۋۇشى چۈشۈپ قالماي، [w] غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

tartiwɛ(li)p　　　　　تارتىۋېلىپ
sɑ(li)wā(l)saq　　　　　سېلىۋالساق
ɛ(li)wɛ(li)ptikɛ̃(n)duq　　　　　ئېلىۋاپتىكەن
ʧyʃyr(y)walidu　　　　　چۈشۈرۈۋالىدۇ

## 9. ياردەمچى سۆزلەردىكى ئالاھىدىلىكلەر

① ياردەمچى پېئىل digɛ̃(n)

بۇ پېئىل ئاھەتتىكى «digɛn - دېگەن» مەنىسىنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى جۈملىنىڭ پېئىلىدىن، تۈرغۈن سۆزلەردىن بولغان خەۋەردىن كېيىن كېلىپ تەكىتلەش مەنىسىدە «idi - ئىدى» ياردەمچى پېئىلىنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

△ɛkɛm yrymʧigɛ tojʁa ʧiqaj digɛ̃(n) digɛ̃(n).

ئاكام ئۈرۈمچىگە تويغا چىقاي دېگەنىدى.

△miniŋ bu ɛdɛm bilɛ̃(n) tɛŋ bir kiʧi(g) dadam bar digɛ̃(n).

مېنىڭ بۇ ئادەم بىلەن تەڭ بىر كىچىك دادام بار ئىدى.

△u bygø(n) kir jumaxʧi digɛ̃(n)

ئۇ بۈگۈن كىر يۇماقچىدى.

② ياردەمچى پېئىل dzɛ

بۇ پېئىل «قوي، بولدى قىل، بولدى » دېگەن مەنىلەردە جۈملىنىڭ ئالدىدىمۇ، كەينىدىمۇ كېلىۋېرىدۇ. سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم بىر ئىشتىن نارازىلىقى، ئۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئالماسلىقنى تەكىتلەش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

△ dzɛ ,dzɛ ,ʃu jɛ̃(r)gima baramdiʁā(n)

بولدى، شۇ يەرگىمۇ بارامدىغان؟

△iʃqa jumʃisam, ʃunimu qi(l)midiŋmu, hɛj, ʥɛ, ʥɛ.

ئىشقا بۇيرۇسام، شۇنىمۇ قىلمىدىڭمۇ، ھەي، بولدى، بولدى.

بۇ پېئىل پەقەت ئىككىنچى شەخسكىلا قارىتىلىـــدۇ، شۇڭا ئىككىنچى شەخسنىڭ شەخسلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. مەسىلەن:

△ʃunimu oxʃuta(l)midiŋmu , ʥisina .

شۇنىمۇ ئوخشىتالمىدىڭمۇ، بولدى قىلە

△hɛj, ʥisina, ulā(r) kattala ɛdɛmlɛ̄(r)ʁu, anaq qi(l)miʁandu?

ھەي، قويە، ئۇلار كاتتا ئادەملەرغۇ، ئۇنداق قىلمىغاندۇ؟

△ʥisilira, ɛmdi uni qilmas

قويسىلارا، ئەمدى ئۇنداق ئىشنى قىلماس.

③ ياردەمچى پېئىل ikɛ̄(n)

ياردەمچى پېئىل ikɛ̄(n) قوشۇلۇپ كەلگەن تەركىبلەر مەيلى پېئىل بولسۇن، مەيلى تۈرغۇن سۆزلەر بولسۇن، ئۇنىڭ سوراق شەكلى ئۇچۇن ikɛ̄(n) دىن كېيىن «-mu» يۈكلىمىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| bā(r)ʁā(n)kɛmmu? | بارغانمىكەن؟ |
| beriptikɛmmu? | بېرىپتىمىكەن؟ |
| bā(r)kɛmmu? | بارمىكەن؟ |
| ʃu kɛmmu? | شۇمىكەن؟ |

④ ʁa-، -ki، -kina، -a يۈكلىمىلىرى

بۇ يۈكلىمىلەر بۇيرۇق - تەلەپ رايى، خالاش رايى فورمىسىدىكى پېئىللاردىن كېيىن كېلىپ، بۇيرۇق - تەلەپ مەزمۇنىنى تېخىمۇ سىلىقلاشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

kirsilɛ ʁa — كىرسىلەرا

| | |
|---|---|
| kə̄(r)silɛ kina | كۆرسىلەرا |
| kɛ̄(l)silɛ ki | كەلسىلىچۇ |
| qi(l)sila ki | قىلسىلىچۇ |
| kɛtkij kina | كەتسۇنچۇ |
| jatqaj ɓa | ياتسۇنچۇ |
| bɛ̄(r)gij ɓa | بەرسۇنچۇ |
| bā(r)saŋlā(r) ki//kina//ɓa | بارساڭلارا |
| kɛ(l)sɛŋlɛ̄(r) kina// ɓa | كەلسەڭلارا |
| søzlijniŋ kina | سۆزلەيلى-لا، سۆزلەيلىچۇ |
| kør(yp) paqajniŋ kina | كۆرۈپ باقايلىچۇ |
| uxlajniŋ ɓa | ئۇخلايلىچۇ |
| jatajniŋ ɓa | ياتايلىچۇ |
| barajniŋ ki | بارايلىچۇ |
| jazsiŋiz -a | يازسىڭىزا |
| △jɛp baxsiŋiz -ki | يەپ باقسىڭىزچۇ؟ |
| △jɛp baxsiliri -ki | يەپ باقسىلىچۇ؟ |

△bol(i)diɓā(n) qoʃaxlā(r)de(n) birni ejtip bɛ̄(r)siŋiz – ki

بولىدىغان قوشاقلاردىن بىرنى ئېيتىپ بەرسىڭىزچۇ.

⑤ -la يۈكلىمىسى

قۇمۇل شېۋىسىدىكى -la يۈكلىمىسى ئەدەبىي تىلدىكى رولىدىن باشقا جۈملىنىڭ بىر قىسىم تۇرغۇن سوزدىن بولغان خەۋەرلىرىدىن كېيىن كېلىپ تەكىتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

△bizni bytlɛ̄(r)dɛ anaq gyl jox -la

بىزنىڭ بۇياقلاردا ئانداق گۈل يوق.

△xijal qi(l)sam joxla -la

خىيال قىلسام زادى يوققۇ.

△bu jurtlā(r)da dʑɛrɛ̃(n) joxla

بۇ يۇرتلاردا جەرەن يوق.

△anaq gɛp byttɛ dʑixla -la

بۇ ياقتا ئۇنداق گەپ جىق.

⑥ as ئۇندىشى

بۇ ئۇندەش سۆز جۈملىنىڭ بېشىدىمۇ، ئاخىرىدىمۇ كېلىدۇ، ئېھتىماللىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەردە ئېھتىماللىقنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

△bygø(n) qar jeɓijttu, maʃina maŋmajdiɓā(n) tʃeɓiwā(r), as.

بۈگۈن قار يېغىۋاتىدۇ، بەلكىم ماشىنا ماڭمايدىغان ئوخشايدۇ.

△bygø(n) qizim tʃixmajdiɓā(n) oxʃajdu, as

بۈگۈن ئېھتىمال قىزىم چىقمايدىغان ئوخشايدۇ.

⑦ باغلىغۇچىلاردىن aŋwala (شۇنىڭ ئۈچۈن)، wilɛ̃(n), minɛ̃(n), ɛke ~ eke // ɛkizizɛ قاتارلىقلار قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△qar jaɓdi, aŋwala maŋā(l)miduq

قار ياغدى، شۇڭلاشقا ماڭالمىدۇق.

△ɛgɛl mɛ̃(n) baraj , ɛkizizɛ sɛ̃(n) bā(r)

ئاۋۋال مەن باراي، ئاندىن كېيىن سەن بار.

بۇلاردىن ɛke ~ eke، ɛkizizɛ باغلىغۇچىلىرى «andin kejin» بىرىكمىسىنىڭ ɛ(ndin)ke(jin) ياكى ɛ(ndin) kizi(n)zɛ شەكلىدە قىسقىرىشىدىن كېلىپ چىققان.

# 10. ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىكى ئالاھىدىلىكلەر

① ئەدەبىي تىلدا بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەردىن -ilda ، -ildɛ
قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسىلىدىغان پېئىللار قۇمۇل شېۋىسىدە -ʃi
قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قاقىلدىماق qaxʃi-

لۆمشىمەك lɛmʃi-

② پېئىل يىلتىزلىرىغا قوشۇلىدىغان -ɓur قوشۇمچىسى بىلەن
ياسالغان سۆزلەر كۆپىنچە قارغاش مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

توزۇغۇر (مالغا قارىتىلىدۇ) tozuɓur

ئۆلگۈر (بالىلارغا قارىتىلىدۇ) tʃetʃiriɓur

③ تۇرغۇن سۆزلەردىن پېئىل ياسىغۇچى -la ، -lɛ //
-da ، -dɛ قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرگە ئەدەبىي
تىلدىكىنىڭ ئەكسىچە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

جۆندىمەك dʑønlɛ-

ئوتنى پۈۋدىمەك - پۈۋلىمەك pyrlɛ-

سىرلىماق sirda-

يېشىللاشماق jeʃilda-

شاپىلاقلىماق ʃapilaɓda-

سىلىقلاشتۇرماق siliɓdaʃtur-

چىچەكلىمەك tʃitʃɛgdɛ-

مۇبارەكلىمەك mārɛgdɛ-

④ -yrkɛ, -urqa // -irqa, -rqa قوشۇمچىلىرى ئەدەبىي
تىلدىكىدىن باشقا، يەنە sono (غەلىتە) ، øz (ئۆز) سۆزلىرىگە

قوشۇلۇپ سۆز ياسايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئۆزكۆرۈپ | øzyrgynyp |
| ئەجەبلەنمەك، غەلىتە كۆرمەك | -sunorqa |

# IV . قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۆلگىلەر

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي، مۇنداق بايلىق مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلىرى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئۇنىڭ بەدىئىيلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرى، بېيىت، ماقال - تەمسىل، تېپىشماق، ئېيتىشىش، چاقچاق تۈرلىرى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزمىي ژانىرغا كىرىدىغانلىرى «قۇمۇل نەزمىلىرى» گە كىرگۈزۈلگەن. بىز پەقەت ئۆز ئالدىمىزغا قويغان ۋەزىپىمىزگە ئالاقىدار هالدا قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ هەر قايسى ژانىرلىرىدىن ئۆلگىلەرنىلا بەردۇق.

**bulbul wilɛ̃(n) torʁaj**

ئېيتىپ بەرگۈچى: پاتەمخان هەسەن.

biɾ bulbul wilɛ̃(n) biɾ toɾʁaj ikkisi eʁijna wo(lu)ptu. eʁijna wo(lu)p juɾtliɾiʁa bā(ɾ)maxʧi bo(lu)ptu. bulbul minikidɛ baɾajni aʁal digidɛk, toɾʁaj minikidɛ baɾajniŋ digidɛk. bulbulni juɾtiʁa bā(ɾ)maxʧi wo(lu)p, beɾiptu. bulbulni juɾti ʃunnaq katta juɾtkɛ̃(n), jeʃilliq, gyllyk, gøzɛl. bulbul juɾtiʁa kilip, ʃunnaq sā(j)ɾaptu. sā(j)ɾisa u toɾʁaj sā(j)ɾimiʁidɛk, ʧiɾajini

tyrtyp ō(l)turʙidɛk. hɛj eʙijna, saŋʙa jarimidimu mini jurtum. sɛ̄(n) sā(j)rimajsɛnʙu, sɛmmu sā(j)ra. ʃunnaq ʧirajliq, gyllyk, gøzɛl jɛ̄(r)dimu sā(j)rimamsɛ̄(n) disɛ, torʙaj: aj, øzymniki jurtum køzymgɛ kør(y)nyp sā(j)ri-ʙum kɛ̄(l)mijttu, sini jurtuŋ mini jurtumdɛk ʧirajliq ɛmɛskɛ̄(n), mini jurtumʙa wā(r)ʙā(n) wō(l)saq munnaq jurtta sā(j)riʙum kɛ(l)mijttu, dɛptu. ɛ(ndin) ke(jin) bulbul xijal qi(li)ptu, hɛj, buni jurti mundinmu katta jurtq(a) oxʃajdu, ɛmsɛ torʙajniŋ jurtiʙa barajniŋ dɛp ikkisi bir wolup torʙajni jurtiʙa meŋiptu. ikkisi uʧup keti(p) pā(r)ʙidɛk, keti(p) pā(r)ʙidɛk, bir jɛ(r)lɛ̄(r)gɛ beriptu. binam, saj, uʧimu kørynmijdu. ɛ(ndin) kezi(n)zɛ torʙaj bir qejʙaʃni beʃiʙa qonup ō(l)turup sā(j)raptu. sā(j)raptikɛnduq, bulbul: hɛj eʙijna, seni jurtuŋ moʃumu, sɛ̄(n) uʧimu joqbir ziminge ke(li)pla baʃlap sā(j)rap kɛttiŋʙu? eʙijna, dɛptikɛnduq, mini jurtum moʃu, mini jurtumdɛk ʧirajliq jurt wolamdu. dɛp sā(j)rap-sā(j)rap ketiptu. bulbul: bu gøzɛlligimu joxkɛ̄(n), jeʃilliʙimu joxkɛ̄(n). bir sajkɛnʙu. disɛ, mini jurtum xunnaq katta, sini jurtuŋde(n) mini jurtum katta wo(l)maj dɛp jɛ̄(r)lɛ̄(r)gɛ ʧyʃyp aʙinap, baʃ-køzlirini syrkɛp ketiptu. ɛ(ndin) ke(jin) bulbul xijal qi(li)ptu: munnaq sajda sā(j)rap kitiʃigɛ qariʙanda, bunuŋ øziniŋ jurti ʃunnaq katt(a) ikɛ̄(n), jeʃilliq bō(l)misima, dɛptu.

ʃuŋʙa qariʙanda bizniŋmu tømyrtimiz ɛmdi ikki taʙni arisi, daraxte(n) baʃqi, qaʧuride(n) baʃqi nimɛ joq,

jaz boluʃi bɛʃindʑi ajɓa kɛ̄(l)sɛ jaz woludu. ʃunax wo(l)sima øzymizni jurti, øzymizgɛ xela amdā(n), tʃi-rajliq kør(y)nijttu ɛmdi.

